چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# جېين ئېير

چارلوت برونتې [ئەنگلىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# جېين ئېير

## چارلوت برونتې[ ئەنگلىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىنھاجى



بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# جېين ئېير

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787×970 mm 1/32؛ باسما تاۋىقى: 5.25
ISBN 978-7-80658-916-8

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：吐尔洪·吐尼亚孜
艾比布拉·艾力
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

# 简·爱（维文）

艾合买提·依明阿吉 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年 5 月第 1 版　2009 年 8 月第 2 次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6.25
ISBN 978-7-80658-916-8
定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيىنىڭ رو- مانچىلىقىدا قالتىس بىر قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلار ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل برونتېلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئى- چىدە ئاچىسى چارلوت برونتې ۋە ئۇنىڭ «جېين ئېير» ناملىق رومانى ھەممىدىن داڭلىق.

چارلوتنىڭ ئائىلىسى تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دادىسى بىر ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئىشچى، يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 25 ياش ۋاقتىدا بىر باستېرنىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان ھەمدە بۇ رەھىمدىل باستېرنىڭ ياردىمىدە، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە باستېرلىق خىزمىتىگە ئېرىشىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان. چارلوت- لار ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل ئالتە بالا بولۇپ، ئۇ ۋە ئېمىلى برونتې، ئانىي برونتې ئىسىملىك ئىككى سىڭلىسى يازغۇچى بولۇپ يېتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئەسەر- لىرى كېيىنكى ئەۋلادلار ئىچىدە كەڭ تارقالغان. ئۇلار- نىڭ يەنە مارىيە ۋە ئېلىزابېت ئىسىملىك ئىككى ئاچى- سى، برونۋېر ئىسىملىك بىر ئۇكىسى بار.

1821 ـ يىلى چارلوت ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. دادىسى خوتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. دادىسىغا ئوخشاشلا، چارلوتنىڭ ھاممىسىمۇ بارلىق ئۇمىدىنى ئائىلىدىكى بىردىنبىر ئوغۇل بالا برونۋېرغا باغلاپ، قىزلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن. ھېلىمۇ ياخشى دادىسى كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى سان يوھان ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ ھەمىشە بالىلىرىغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان، يەنە ئۇلارغا ھەمىشە ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن. بۇ، ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بالىلارنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا چارلوت بىلەن ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسىغا دەسلەپكى قەدەمدە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر قىزىقىشىنى قوزغىغان.

1824 ـ يىلى ئاچىلىرى مارىيە بىلەن ئېلىزابىت خاۋئۇوسقا يېقىن كوۋنچاۋدىكى بىر ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئۇزاق ئۆتمەي چارلوت بىلەن سىڭلىسى ئېمىلىمۇ شۇ مەكتەپكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ يەرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار، ئوقۇتۇش قائىدىسى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بالىلار يىل بويى قورسىقى تويغۇدەك تاماق، ئۇچىسى ئىسسىغۇدەك كىيىم كۆرمىگەچكە،

ئىككىنچى يىلى مەكتەپتە كېزىك كېسىلى تارقىلىپ، چارلوتنىڭ ئىككى ئاچىسىغا كېسەل يۇقۇپ ئۆيىگە قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئازاب ئە-چىدە ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، دادىسى چارلوت بىلەن ئېمىلىنى ئۇ مەكتەپكە ئەۋەتمىگەن، لېكىن، ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى چارلوتنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قورقۇنچلۇق تەسىر قالدۇرغان. ئۇ شۇ چاغلاردىكى مەكتەپ ھاياتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالماي، كې-يىن «جېين ئېير» ناملىق رومانىدا، ئۇنى قاتتىق ئا-زاب ـ ھەسرەت ئىلكىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن، رومانىدىكى ئوماق كىچىك قىزچاق ھەيلۇن ئوبرازىغا ئۇ دەل ئاچىسى مارىيەنى ئەسلىي تىپ قىلغان.

چارلوت ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سى-ڭىللىرى بىلەن بىللە مۇزىكا ئۆگەنگەن، ئۇلار بىللە ساز چالغان، ناخشا ئېيتقان، رەسىم سىزغان، ئەمما يې-زىقچىلىقنى ئۆگىنىش ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك قى-زىقتۇرغان. ئۇلار دائىم قاقاس دالىغا قاراپ تۇرۇپ تە-سەۋۋۇر تىزگىنىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئاجايىپ تە-سىرلىك ھېكايىلەرنى يېزىپ چىققان. ئەينى چاغدا چارلوت 14 ياشتا بولۇپ، نۇرغۇن ھېكايە، شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان، ئۇنىڭ ئۆزى تۈزگەن كىتاب تىزىملىكىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ھەربىر تومى 60 بەتتىن 100 بەتكىچە كېلىدىغان 22 تومدىن ئارتۇق ئەسەر

يازغان. بۇ مەشىق خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر گەرچە نا-
هايىتى خام بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئا-
ساسىنىڭ خېلىلا پۇختا ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدا-
رىنىڭ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.
دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇ مەشقىي ئەسەرلىرى ئۇ-
نىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات ساھەسىدە بىراقلا
شۆھرەت قازىنىشىغا تولۇق ئاساس سالغان دېيىشكە
بولىدۇ.

چارلوت 15 ياشقا كىرگەندە، ۋوئۇرلېي خېنىمنىڭ
روھادتا ئاچقان مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، بىرنەچچە
يىلدىن كېيىن، ئۇ پۇل تېپىپ ئۇكا - سىڭىللىرىنىڭ
ئوقۇشىنى قامداش ئۈچۈن بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بول-
غان. ئۇ بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن
يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، لېكىن، شۇ چاغقىچە،
ئۇ ھېچقانداق ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرۇپ باقمىغان.

1938 - يىلى چارلوت ۋوئۇرلېي خېنىمنىڭ مەكتى-
پىدىن ئايرىلىپ، كېيىنكى يىلى پۇلدار كىشىلەرنىڭ
ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. بۇ كەسىپ ئەينى
ۋاقىتتا كەمسىتىلىدىغان كەسىپ بولسىمۇ، لېكىن
چارلوت ئائىلە ئايال ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنىڭ جاپاسى ۋە
تىل - ھاقارەتلەرگە ئۇچراش جەريانىنى بىۋاسىتە باشتىن
كەچۈرۈپ باققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچى-
سى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ كەسىپكە ناھايىتى ئۆچ

بولۇپ كەتكەن، ھەتتا بۇ كەسىپتىن نەپرەتلەنگەن. ئۇ 1839 ـ يىلى ۋە 1841 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. لېكىن، ھەر قېتىمدا بىرنەچچە ئايلا ئىشلىگەن.

مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە، بەزىلەر چارلوتقا تىوي قىلىش تەكلىپى قويغان: بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىر قىز دوستىنىڭ ئاكىسى، يەنە بىر قېتىم بىر ياش باستېر تەلەپ قويغان. لېكىن، ھەر ئىككىلا قېتىمدا ئۇ رەت قىلىۋەتكەن.

چارلوت بىلەن ئېمىلى ئۆيدىن ئايرىلىپ سىرتلارغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىشنى خالىماي، تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئۆز كەنتىدە بىر فرانسۇز تىلى مەكتىپى قۇرۇش خىيالىدا بولغان. ئەمما، ئۇلار فرانسۇز تىلىنى ياخشى بىلمىگەچكە، ھامىيسى ئۆزىنىڭ بارلىق بىسا- تىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئاچا ـ سىڭىلنى بېريۇسسېلغا فرانسۇز تىلى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بېريۇسسېلدىكى بىر فرانسۇز تىلى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ مەكتەپنى ئېردى فامىلىلىك ئەر ـ خوتۇن ئاچقان بولۇپ، ئېردى ئەپەندى ئۆزى شەخسەن فرانسۇز تىلىدىن دەرس بېرەتتى. ئېردى ئەپەندىنىڭ فرانسىيە ئەدەبىياتىغا دائىر بىلىمى ناھايىتى مول بولۇپ، برونتې ئاچا ـ سىڭىللار ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بىر يىلدىلا فرانسۇز تىلىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى

ئىگىلىۋالغان، يەنە فرانسىيە ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ھەر خىل ئېقىمدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىۋالغان. بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى زور ياردىمى بولغان.

بېرىيۇسسېلدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چارلوت ئىككى سىڭلىسى بىلەن بىللە مەكتەپ ئېچىشقا تۇتۇش قىلغان ۋە «برونتې ئاچا ـ سىڭىللار مەكتىپى» دېگەن ۋىۋىسكىنىمۇ ئاسقان. ئەمما، بىرنەچچە ئايغىچە بىرمۇ ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرمىگەن، پەقەت باجگىرلارلا باج ئالغىلى كەلگەن.

ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئېچىش غايىسى بەربات بولغان. بۇنىڭ بىلەن، چارلوت بەلكىم يېزىقچىلىقتىن چىقىش يولى تاپقىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان. 1845 ـ يىلى كۈزدە ئۇ تاسادىپىي ھالدا سىڭلىسى ئېمىلى يازغان شېئىرلارنى ئوقۇپ قېلىپ، تۇيۇقسىزلا ئاچا ـ سىڭىل ئۈچەيلەن بىرلىشىپ بىر شېئىرلار توپلىمى چىقىرىش خىيالىغا كېلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرى يازغان بىر قىسىم شېئىرلارنى بىرلەشتۈرۈپ توپلام قىلىپ، ئەينى چاغدا ئالەمدىن ئۆتكەن ھاممىسىدىن قالغان بىرئاز پۇل بىلەن ئۆز خىراجىتى بىلەن بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدۇرغان. ئۇلار بۇ توپلامغا ئۆزلىرىنىڭ

ھەقىقىي ئىسمىنى ئىشلەتمەي، كوررېر بېل، ئېللىر بېل ۋە ئاكتون بېل دېگەن يالغان ئىسىملارنى قوللانغان، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن پەقەت ئىككى پارچىسىلا سېتىلغان. ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇلار ئۈچۈن بىر چوڭ ئىش بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بولغان. شۇنىڭ بىلەن، ئاچا ـ سىڭىل ئۈچەيلەن يەنە باش چۆكۈرۈپ ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن. بۇ چاغدا، چارلوت 30 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئوقۇتقۇچى» ناملىق بىر رومان يېزىپ چىققان. سىڭلىسى ئېمىلى بىلەن ئاننىيمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «قىساسكار» ۋە «ئاگنىس گېررى» ناملىق رومانلارنى يېزىپ چىققان. ئۇلار بۇ ئۈچ پارچە روماننى بىرلىكتە نەشر سودىگىرىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي نەشر سودىگىرىدىن «قىساسكار» ۋە «ئاگنىس گېررى» لەرنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى، لېكىن، چارلوتنىڭ «ئوقۇتقۇچى» رومانىنىڭ قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەن.

بۇ، چارلوتقا چوڭ زەربە بولغان. لېكىن ئۇ ئارقىغا چېكىنمەي، ئەكسىچە غەيرەتكە كېلىپ، يەنە بىر پارچە

روماں «جېين ئېير» نى يېزىپ چىققان.

«جېين ئېير» نەشر سودىگىرىنى ھەيران قالدۇر-غان، ئۇ كېچىچە ئۇخلىماي رومانىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئاخىردا ئۇنى بىر نادىر ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلىپ، دەرھال نەشر قىلماقچى بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن «جېين ئېير» كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، ئەمما، ئىككى سىڭلىسىنىڭ ئەسەرلىرى بۇ چاغدا تېخى بېسىلىۋاتاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي نەشر قىلىنىپ بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە ئەدەبىيات ساھەسى زور زىلزىلىگە كەلگەن، چۈنكى، ئۈچ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ رومانلىرى ئىنتايىن ياخشى يېزىلغان، بولۇپمۇ چارلوتنىڭ «جېين ئېير» ناملىق رومانى تېخىمۇ زىلزىلە قوزغىغان.

برونتې ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ نامى چىقىپ، پۈتۈن ئائىلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن. لېكىن ئۇزاق ئۆت-مەي ئائىلىدە بىرمۇنچە بەختسىزلىكلەر يۈز بەرگەن. 1848 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇلارنىڭ ئۇكىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئېمىلى تۇبېركۇل-يوز كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. كۆپ ئۆتمەي ئانېيمۇ ئالەمدىن ئۆتكەن.

بۇنىڭ بىلەن چارلوت قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، پۈ-تۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېزىقچىلىققا كىرىشىش ئارقىلىقلا

قەلبىمدىكى ئازابنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇ باش چۆكۈرۈپ «شىيللى» دېگەن روماننى يېزىپ چىقىپ، 1849 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلدۇرغان. «شىيللى» ئۇنى يەنە بىر قېتىم غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ لوندونغا بارغان. لوندوندا تۇرغان بىرنەچچە يىلدا ئۇ نۇرغۇن يازغۇچىلار بىلەن تونۇشقان. 1854 ـ يىلى 36 يېشىدا، چارلوت دادىسىنىڭ ياردەمچىسى نىكولاس بىلەن توي قىلغان. بۇ ئارىلىقتا ئۇ «ۋىللېت» ناملىق روماننى پۈتكۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان، تويدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەن، لېكىن ئۇ يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويمىغان. ئۇ «ئىمما» ناملىق روماننى يېزىۋاتقاندا، كېسەل بولۇپ قېلىپ ئىككىنچىلەپ ئۆرە بولالماي، 1855 ـ يىلى ئەمدىلا 39 ياشقا كىرگەن بۇ ئايال يازغۇچى بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان.

مەن جېنىن ئىپىر زاكىدىكى چېغىمدىلا يېتىم قالدىم. دادام ھايات ۋاقتىدا باستىر بولۇپ، تولىمۇ نامرات ئۆتكەن ئىكەن، ئانام ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا دادامغا تەگكەن ئىكەن، شۇڭا ئانامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى بۇ توينى ھەسەب ـ نەسەبتە تەڭ بولمىغان توي دەپ قاراشقان ئىكەن. بوۋام رېدىر ئانامنىڭ گەپ ئاڭلىمىغىنىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاچچىقىدا ئانام بىلەن ئاتا ـ بالىلىقتىن كېچىپ، ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ قالدۇرماپتۇ. توي قىلىپ بىر يىل بولغاندا، دادام قارا كېزىك يۇقتۇرۇۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا دادام بىر چوڭ سانائەت بازىرىدا باستىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن، ئۇ دائىم ئۆزىگە قاراشلىق رايوندىكى نامراتلارنى يوقلاپ تۇرىدىكەن، ئەمما بۇ بازاردا قارا كېزىك تارقىلىپتۇ. بۇ كېسەل ئانامغا دادامدىن يۇقۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ئايغا قالماي دادام بىلەن ئانام كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تاغام، يەنى ئانام بىلەن ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان ئۆز ئاكىسى رېئاد مېنى ئېلىپ كېتىپ، گاتىسخېد قورۇقىدا بېقىپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي تاغاممۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بوپتۇ، ئۇ سەكراتتا

ياتقىنىدا، رېئاد خانىمغا مېنى ئۆز بالىسى قاتارىدا چوڭ قىلىشنى تاپىلىغانىكەن. رېئاد خانىمنىڭ ئېلىزابېت، يوھان ۋە گېئورگىيانا ئىسىملىك ئۈچ بالىسى بار ئىدى.

مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ رېئاد خانىم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ خورلىشى ئىچىدە ياشىدىم. ئۇ ئون ياشقا كىرگەن يىلى رېئاد خانىم مېنى روئودتىكى بىر دىنىي جەمئىيەتنىڭ ياتاقلىق خەير ـ ساخاۋەت مەكتىـ پىگە بېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ كېلىۋاتقان مېنى مەڭگۈلۈك يۇلۇۋەتكەن بولدى.

مەن بۇ ياتاقلىق خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپىگە كەل- گەندە، مۇلازىم سىياقىدىكى بىر كىشى مېنى بىر ئوت يېقىلغان ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئېگىز بويى، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، ئاپئاق، كەڭ ماڭلايلىق بىر ئايال ئالدى بىلەن بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى دې- گۈدەك چوڭ رومالغا ئورالغان بولۇپ، كەسكىن، سالا- پەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ چىراغنى ئۈستەل ئۈستىگە قو- يۇپ، ماڭا بىر ـ ئىككى مىنۇت تەپسىلىي سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ياخشىسى ئۇنى چاپسان ئېلىپ چىقىپ ئۇخلى- تىپ قويۇڭلار، بەك چارچاپ كەتكەندەك قىلىدۇ. چار- چىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ تۇرۇپ.

— ئازراق چارچىدىم، خېنىم.

— قورسىقىڭمۇ جەزمەن ئېچىپ كەتكەندۇ، مىللېر خېنىم، ئۇنىڭغا ئاۋۋال كەچلىك تاماق بېرىلى. بۇ سىڭ-نىلىڭ بىرىنچى قېتىم ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىپ مەكتەپكە كېلىشىڭمۇ، قىزچاق؟

مەن ئۇنىڭغا ئاتا - ئانام يوقلۇقىنى ئېيتتىم. ئۇ، ئاتا - ئانامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە قانچە ئۇزۇن بولغان-لىقىنى سورىدى، يەنە نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىم، ئىس-مىم، خەت تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىم، خەت يازالاي-دىغان - يازالمايدىغانلىقىم، بىرەرنەرسە تىكەلەيدىغان - تىكەلمەيدىغانلىقىم ۋەھاكازالارنى سورىدى. ئاندىن كې-يىن، بارمىقىنى يۈزۈمگە يېنىك تەگكۈزۈپ، ياخشى بالا بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى مىللېر خېنىم بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

مىللېر خېنىم ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ مېنى ئۇزۇن، كەڭ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، بۇ ئۆينىڭ ئىككى بېشىغا قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان يوغان ئىككى ئۈستەل قويۇلغانىدى، ئۈستەل ئەتراپىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا تەخمىنەن سەككىز - توققۇز ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان ھەر خىل ياشتىكى قىزلار ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش زىغىر رەڭ رەختتىن غە-لىتە كىيىم كىيگەن، گوللاندىيە كاناپىدىن ئۇزۇن پەر-تۇق تارتىشقانىدى. بۇ دەل ئۆگىنىش ۋاقتى بولغاچقا، ئۇلار ئەتىكى دەرسلىرىنى يادقا ئېلىۋاتاتتى.

مىللېر خېنىم ماڭا ئىشىك تۈۋىدىكى ئۇزۇن ئو-رۇندۇقتا ئولتۇرۇشنى شەرەتلەپ قويۇپ، ئۇزۇن ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ:

— سىنىپ باشلىقلىرى كىتابلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.

ئېگىز بويلۇق تۆت قىز چىقىپ، ئۇستەلنى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، كىتابلارنى يىغىپ ئېلىپ كەتتى. مىللېر خېنىم يەنە بۇيرۇق بەردى:

— سىنىپ باشلىقلىرى، كەچلىك تاماق تەخسىلى-رىنى ئېلىپ كېلىڭلار!

ئېگىز بويلۇق تۆت قىز چىقىپ كېتىپ، تېزلا ھەربىرى بىردىن تەخسە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. تەخ-سىلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا پارچە - پارچە بىرنەرسىلەر قويۇلغانىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەل-مىدىم، تەخسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر كومزەك سۇ ۋە چوڭ بىر ئىستاكان بار ئىدى. ھېلىقى پارچە - پارچە قويۇلغان نەرسە تارقىتىلدى، ئەسلىدە ئۇ نېپىز پىشۇرۇلغان سۇلۇ قوتۇرمىچى ئىكەن، بۇ قوتۇرماچلار-نىڭ ھەربىرى يەنە بىرنەچچە ئۇلۇشكە پارچىلىنىپتۇ.

كەچلىك تاماق يېيىلىپ، مىللېر خېنىم دۇئا قى-لىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى سىنىپلار ئىككى رەتتىن تىزىلىپ ئۇستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. بۇ كېچىسى مېنىڭ مىللېر خېنىم بىلەن بىر كارىۋاتتا



يېتىشىمغا توغرا كەلدى. شۇ چاغدا مەن ئۇزۇن – ئۇزۇن تىزىلغان كارىۋاتلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم، ھەربىر كارىۋاتتا ئىككىدىن ئادەم ياتاتتى.

بۇ كېچە ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. مەن يەنە بىر قېتىم كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى، مەن ئىمكانىمنىڭ بارىچە كىيىملىرىمنى ئوبدان كىيدىم. كۆپچىلىك شۇئان رەتكە تىزىلىپ، جۈپ - جۈپ بولۇپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ سوغۇق سىنىپقا كىردى. مىللىېر خېنىم سۇرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋار-قىراپ:

— سىنىپلار بويىچە يىغىلىڭلار! — دېدى.

بىرنەچچە مىنۇتقىچە مالىمانچىلىق بولۇپ كەتتى، مىللىېر خېنىم تىنماي:

— تىنچلىنىڭلار! قالايمىقان قىلماڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلغاندىن كېيىن، قىزلار تۆت يېرىم چەمبەر بولۇپ تىزىلىپ، تۆت ئورۇندۇقنىڭ ئال-دىدا تۇرۇشتى، ئورۇندۇقلار ئۇستەللەرنىڭ ئالدىغا قو-يۇلغان، ھەممەيلەننىڭ قولىدا كىتاب بار ئىدى، بوش ئورۇندۇقلارنىڭ ئالدىدىكى ھەربىر ئۇستەلگە بىردىن «ئىنجىل» گە ئوخشاپ كېتىدىغان يوغان كىتابلار قو-يۇلغانىدى.

يىراقتىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سىنىپقا

ئۈچ ئايال كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئۇستەللەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئورۇندۇقلارغا ئولتۇردى. مىللىېر خېنىم ئىدىشككە يېقىن تۇرغان بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى يېشى ئەڭ كىچىك بىر توپ باللار ئوراپ تۇراتتى. مېنى مۇشۇ تۆۋەن يىللىق سىنىپقا چاقىرىپ ئەكىلىپ، ئەڭ ئارقىدىكى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

بىر كۈنلۈك دەرس باشلاندى. ئاۋۋال شۇ كۈنكى قىسقا دۇئا ئوقۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئايەت سۆزلەندى، ئۇنىڭدىن كېيىن توختىماي «ئىنجىل» دىن بىرنەچچە باب ئوقۇلدى، بۇ ئىش دەل بىر سائەت داۋاملاشتى. بۇ دەرسلەر تۈگىگەندە تاڭ يورىدى، ھەرقايسى سىنىپتىكى ساۋاقداشلار رەتلىك تىزىلىپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن باشقا بىر ئۆيگە ناشتا قىلغىلى كىردى. ناشتا قىلغىلى كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولدى. قىزلار غۇدۇراشقىلى تۇردى.

— ئەجەب تويدۇم! ئۇماچقا يەنە ئىس ئۆتۈپ كېتىپتۇ!

— تىنچ! — بىرسى ۋارقىرىدى. بۇ ۋارقىرىغان مىللىېر خېنىم بولماستىن، بەلكى يۇقىرى يىللىق سىنىپلاردىن بىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بويى پاكار، بۇغداي ئۆڭلۈك، چىرايلىق كىيىنگەن، چىرايى سۇرلۇك ئىدى.

15 مىنۇتتىن كېيىن، يەنە دەرس باشلاندى. ناشتىلىقنىڭ پارىڭى كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىدى، ھەممەيلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى.

سىنىپتىكى سائەت توققۇزغا قوڭغۇراق چالدى. مىللېر خېنىم سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ توۋلىدى:

— تىنچلىنىڭلار! ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار!

سەكسەن نەپەر قىز مىدىرلاپمۇ قويماستىن، سىنىپنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا تىك ئولتۇراتتى، ئۇلار چېچىنى كەينىگە سىلىق تاردۇالغان بولۇپ، چاچنىڭ بۇدۇرىسى ئازراقمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇستىگە زىغىر رەڭ ئېگىز ياقىلىق چاپان كىيگەن، بوينىغا شارپا ئورىۋالغان، گوللاندىيە كاناپىدىن ئىشلەنگەن خالتىنى خىزمەت خالتى ھېسابىدا مەيدىسىگە ئېسىۋالغان بولۇپ، ناھايىتى غەلىتە كۆرۈنەتتى.

مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسىنىمۇ ھەقىقىي ياقتۇرمايتتىم. ئاۋۇ سېمىزى ناھايىتى قوپال، ئاۋۇ قارىسى بولسا ناھايىتى زالىم، ئاۋۇ چەت ئەللىك زەھەرخەندە، قاتتىق قول، غەلىتە مىجەزلىك ئىدى، بىچارە مىللېر خېنىم بولسا چىرايى زەپىرەڭ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزۈپ، ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. مەن دەل نەزەرىمنى بۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ چىرايىغا يۆتكەپ قاراۋاتقىنىمدا،

ھەممەيلەن خۇددى بىر پۇرژىنىغا دەسسىۋالغاندەك تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

مەن تېخى ئىسمىنى يىغىپ بولالماي تۇرغاندا، ھەرقايسى سىنىپتىكىلەر قايتىدىن ئولتۇرۇشتى. ئەمما، ھەممىسىنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى، مەنمۇ نەزەرىمنى كۆپچىلىك قاراۋاتقان تەرەپكە ئاغدۇردۇم، دەسلەپكى كۈنى مېنى كۈتۈۋالغان ھېلىقى خانىم ئۇزۇن ئۆينىڭ نېرىقى بېشىدىكى مەشنىڭ يېنىدا ئۇنچىقماستىن ئىككى رەت تىزىلغان قىزلارغا ھەيۋە بىلەن قاراپ تۇراتتى. مىللېر خېنىم ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، بىر نەرسىنى سورىغاندەك قىلدى، جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— بىرىنچى سىنىپنىڭ باشلىقى، گلوبۇسنى ئېلىپ كەل! — دېدى.

بۇ بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىۋاتقاندا، يولىيورۇق بەرگەن ھېلىقى خانىم ئۆينىڭ نېرىقى بېشىدىن ئاستا مېڭىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىسمى مارىيە تېمپىل بولۇپ، روئود مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى. بۇ مۇدىر ئىككى گلوبۇس قويۇلغان بىر ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىرىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ جۇغراپىيە دەرسى ئۆتۈشكە باشلىدى. قالغان سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ئېلىپ كېتىپ، تارىخ، گرامماتىكا قاتارلىق دەرسلەرنى بىر سائەت قايتا

ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يېزىقچىلىق ۋە ماتېماتىكا ئۆتۈلدى، مۇزىكا دەرسىنى تېمپىل خېنىم يېشى چوڭ-راق قىزلارغا ئۆتەتتى، ھەربىر سائەت دەرس ۋاقتى ئاسما سائەت ئارقىلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ سائەت ئاخىر 12 گە جىرىڭلىدى، مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئوقۇغۇچىلارغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلى-ماقچىمەن، — دېدى.

ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئېغىز ئېچىشى بىلەنلا، ئوقۇغۇچىلار يەنە شۈك جىمىدى. مۇدىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈنكى ناشتىلىقنى يېيەلمەي چوقۇم قورسى-قىڭلار ئاچتى. چۈشلۈك تاماقتا كۆپچىلىككە بولكا بى-لەن پىشلاق بېرىلىدۇ. بۇ ئىشقا مەن مەسئۇل بولىمەن.

ئۇ ئىزاھات بەرگەن تەلەپپۇزدا بۇ گەپنى قوشۇپ قويدى- دە، گېپىنى تۈگىتىپلا دەرھال سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

بولكا بىلەن پىشلاق دەرھال ئېلىپ كىرىلىپ، كۆپچىلىككە تارقىتىپ بېرىلدى، ھەممەيلەن ئاجايىپ خۇش بولۇپ، روھلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇيرۇق بې-رىلدى:

— باغقا چىقىڭلار!

مەنمۇ ئادەم ئېقىمىغا ئەگىشىپ سىنىپتىن چىقىپ، باغقا كىردىم.

بۇ باغ چۆرىسى تام بىلەن قورشالغان چوڭ بىر مەيدان ئىدى. ھازىر بىرىنچى ئاينىڭ ئاخىرى بولغاچقا، باغ ئىچىنى يوپۇرماقلار سارغىيىپ غازاڭ بولغان قىش مەنزىرىسى قاپلىغانىدى.

مەن موناستىر سىياقىدىكى باغقا كۆز يۈگۈرتتۈم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيلەرگە قارىدىم. بۇ بىر چوڭ بىنا بولۇپ، بىنانىڭ يېرىمى قاراڭغۇ ھەم كونا ئىدى، يەنە بىر يېرىمى ناھايىتى يېڭى ئىدى. بىنانىڭ بۇ يېڭى قىسمى سىنىپ ۋە ياتاقلار ئىدى. ئىشىك ئۈستىدە بىر پارچە تاش تاختا بار بولۇپ، ئۇنىڭغا:

«روئود خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپى، بىنانىڭ بۇ بۆ-لىكىنى مەزكۇر ئوبلاستتىكى ناۋمى بىروكىر خوست مىلادىيە × × × يىلى قايتىدىن سالغان» دەپ يېزىلغا-نىدى. مەن بۇ سۆزلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇدۇم، تۇ-يۇقسىز كەينىمدە يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، بىر قىز يېقىن ئەتراپتىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان ئىكەن، مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ سورىدىم:

— ئىشىك بېشىدىكى تاش تاختىغا يېزىلغان گەپ-لەرنىڭ مەنىسىنى ماڭا دەپ بېرەلەمسىز؟ «روئود خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپى» دېگىنى نېمە دېگەن گەپ؟ نېمىشقا خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپى دېيىلىدۇ؟ ئۇنىڭ باشقا مەكتەپلەردىن قانداق پەرقى بار؟

— بۇ يېرىم خەير ـ ساخاۋەت خاراكتېرىدىكى مەكتەپ، مەن بىلەن سىز ۋە باشقىلار ھەممىمىز خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپىنىڭ بالىلىرى، سىز يېتىم بالىغۇ دەيمەن؟ بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يا ئاتىسى يوق، يا ئانىسى يوق ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھېچقايسىسى يوق، بۇ مەكتەپ مەخسۇس يېتىم بالىلارنىلا تەربىيىلەيدۇ.

— بىز پۇل تاپشۇرمايمىزمۇ؟ ئۇلار بىزنى ھەقسىز تەربىيىلەمدۇ؟

— بىز پۇل تاپشۇرىمىز ياكى دوستلىرىمىز پۇل تاپشۇرىدۇ، بىر بالىغا بىر يىلدا 15 فوندستېرلىڭ تاپ-شۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بىزنى نېمىشقا خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپىنىڭ بالىلىرى دەيدۇ؟

— چۈنكى، 15 فوندستېرلىڭ ياتاق راسخوتى بىلەن ئوقۇش راسخوتىغا يەتمەيدۇ، كەم قىسمى ئىئانە قىلىن-غان پۇللار بىلەن تولدۇرۇلىدۇ.

— كىم ئىئانە قىلىدۇ؟

— مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى ۋە لوندوندىكى ئاق كۆڭۈل ئەپەندى، خانىملار ئىئانە قىلىدۇ.

— بروكر خوست دېگەن كىم؟

— تاش تاختىغا يېزىلغان، بىنانىڭ بۇ يېڭى قىس-مىنى سالدۇرغان خانىم. بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ

ھەممىسىگە ئۇنىڭ ئوغلى قارايدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

— نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟

— چۈنكى، ئۇ بۇ ئاپپاراتنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى ۋە نازارەتچىسى.

— ئەمىسە، بۇ بىنا ھېلىقى قولىغا سائەت تاقىۋالغان، چۈشتە بىزنى بولىكا بىلەن پىشلاق يەيسىلەر، دېگەن خانىمغا قارىمامدۇ؟

— سىز تېمپىل خېنىمنى دەۋاتامسىز؟ ياق! مەن شۇ خېنىمنىڭ بىناسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەمما، ئۇ ھەممە ئىشنى پەقەت بىروكىر خوست ئەپەندىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش يۈزىسىدىنلا ئىشلەيدۇ، بىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى بىروكىر خوست ئەپەندى ئېلىپ بەرگەن.

— ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ؟

— ياق، ئۇ بۇ يەرگە ئىككى ئىنگلىز چاقىرىمى كېلىدىغان بىر چوڭ قورۇقتا تۇرىدۇ.

— ئۇ ياخشى ئادەممۇ؟

— ئۇ بىر باستېر، ئاڭلىشىمچە، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىكەن.

— ھېلىقى ئېگىز خانىمنى تېمپىل خېنىم، دېدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— قالغان ئوقۇتقۇچىلارچۇ؟

— قىزىل يۇزلۇكىنىڭ ئىسمى سىمىس خېنىم، ئۇ مەشغۇلات دەرسىنى ئۆتىدۇ، يەنە كېسىمچىلىك دەرسىگە مەسئۇل، بىزنىڭ كىيىم، خالات، پەلتولىرىمىزنى ئۆزىمىز تىكىمىز. قارا چاچلىق پاكىنەكنىڭ ئىسمى سكارچارد خانىم، ئۇ تارىخ بىلەن گراماتىكا دەرسىنى ئۆتىدۇ، ئىككىنچى سىنىپنىڭ يادقا ئىلىشىغا مەسئۇل. شارپا ئورىۋالغان، سېرىق يىپەك لېنتا بىلەن بىر قولياغلىقنى بېلىگە چىگىۋالغان ئاۋۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى پىيېرروت خانىم، ئۇ فرانسىيىنىڭ رىئون شەھىرىدىن كەلگەن، فرانسۇز تىلى ئۆتىدۇ.

— سىز بۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ياقتۇرامسىز؟

— ناھايىتى ياقتۇرىمەن!

— سىز ئاۋۇ بۇغداي ئۆڭلۈك پاكىنەك خېنىمنى ۋە ھېلىقى بىرنېمە خانىمنى ياقتۇرامسىز؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى سىزگە ئوخشاش دېيەلمىگۈدەكمەن.

— سكارچارد خانىم تېرىككەك، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماڭ، پىيېرروت خانىم يامان ئەمەس.

— ئەمما، تېمپىل خېنىم ناھايىتى ياخشىكەن، شۇنداقمۇ؟

— تېمپىل خېنىم ناھايىتى ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى ئەقىللىق. ئۇ باشقىلاردىن قابىل، بىلىدىغىنى باشقىلاردىن كۆپ ئارتۇق.

— چۇشلۇك تاماقتىن كېيىن بىز دەرھال

سىنىپقا كىرىپ، تاكى سائەت بەشكىچە دەرس ئوقۇدۇق.

چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىن ئەمدىلا ئۆتكەندە، بىز يەنە بىر ۋاخلىق تاماق — كىچىك بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىپ، يېرىم پارچە قارا بولكا يېدۇق. مەن بولكىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەۋېتىپ، قەھۋەنى ئىچىۋەتتىم، بۇ تاماق ماڭا ئاجايىپ تېتىپ كەتتى. ئەمما، يەنە بىر كىشىلىك بەرگەن بولسا، مەن تولىمۇ خۇش بولغان بولاتتىم، قورسىقىم تېخى تويمىغاندى ـ دە! ئۇنىڭدىن كېيىن يېرىم سائەت كۆڭۈل ئاچتۇق، ئارقىدىن ئۆگىنىش قىلدۇق، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، بىر ئىستاكان سۇ بىلەن بىر پارچە سۇلۇ قوتۇرمىچى يېدۇق، ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىدۇق، مانا بۇ مېنىڭ روئودتا ئۆتكۈزگەن تۇنجى كۈنۈم ئىدى.

ئەتىسىمۇ يەنە تۇنۇگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش باشلاندى، چىغدىن پىلىك قىلىنغان شامنىڭ يورۇقىدا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كىيىندۇق، ئەمما بۇ كۈنى ئەتىگەندە ئىدىشتىكى سۇ مۇزلاپ قالغاچقا، يۈز يۇيۇش تەرتىپى بىكار قىلىندى.

بۈگۈن مېنى تۆتىنچى سىنىپقا كىرگۈزۈپ قويدى ھەم رەسمىي دەرس ۋە تاپشۇرۇق بەلگىلەپ بەردى. دەسلەپتە، ئۆزۈم يادقا ئېلىپ ئادەتلەنمىگەچكە، تېكىست

ھەم ئۆزۈن، ھەم قىيىن بىلىنىپ كەتتى، دەرس يېڭىلىنىپ تۈرغاچقا، بېشىم قېيىپلا كەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغان مەزگىللەردە سىمىس خېنىم ئىككى يارد ئۆزۈنلۈقتىكى تەكشى توقۇلغان سىپتا رەخت بىلەن يىڭنە، ئويماق دېگەندەك نەرسىلەرنى ماڭا تۈتقۈزۈپ، سىنىپنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، ئۆلگىگە قاراپ تۈرۈپ، رەختنىڭ چېتىنى پەرلەشكە بۇيرۇدى. شۇ سائەتتە كۆپىنچە بالىلار بىرنەرسىلەرنى تىكىۋاتاتتى، پەقەت بىرلا سىنىپ بالىلار سكارچارد خانىمنىڭ ئورۇندۇقىنى چۆرىدەپ ئۆرە تۈرۈپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئۈن چىقارماي ئىش قىلىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ دەرس مەزمۇنىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى، قىزلارنىڭ قايسىسىنىڭ ياخشى، قايسىسىنىڭ يامان ئوقۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى، ھەتتا سكارچارد خانىمنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگىنى ۋە ماختىغىنى تېخىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ «ئەنگلىيە تارىخى» دەرسىنى ئۆتۈۋاتاتتى.

روئودتا بىر پەسىلنى ئۆتكۈزدۈم، ئۇ ماڭا گويا بىر دەۋرنى ئۆتكۈزگەندەك بىلىندى، ئەمما ئۇ ئالتۇن دەۋر ئەمەس ئىدى. بۇ جەرياندا خىلمۇخىل، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان كۈرەشلەر ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى قائىدە ۋە يات دەرسلەرگە لايىقلىشىشقا توغرا كەلدى. مەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ،

يېڭى يول ئېچىشقا بەل باغلىدىم. مەن جان تىكىپ جاپالىق ئىشلەپ، نەچچە ئۇلۇش تىرىشچانلىق كۆرسى-تىپ، بىرئاز نەتىجىگە ئېرىشتىم. مېنىڭ خاتىرەم تو-غۇلۇشۇمدىلا ناھايىتى كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئارقىلىق ياخشىلاندى، شۇنداقلا قايتا ـ قايتا تەكرار قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ چېچەنلىشىپ كەتتىم. نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، مەن يۇقىرى سىنىپقا كۆچ-تۇم، ئىككى ئايغا يەتمەيلا فرانسۇز تىلى ۋە رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشىمگە رۇخسەت قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ بۇ مەكتەپتە سەككىز يىل تۇردۇم، ئالتە يىل ئوقۇغۇچى ۋە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچى بولدۇم. بۇ سەككىز يىلدا مېنىڭ تۇرمۇشۇم بىر خىللا ئۆتتى، لېكىن ھەرگىز كۆڭۈلسىز ئۆتمىدى، چۈنكى كۈنلەر ناھايىتى جۇشقۇن ئۆتەتتى. مەن ئۆزۈمدىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە بىر سەكرەپلا بىرىنچى يىللىقلار بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتۇم. كېيىن ماڭا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسى بېرىلدى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىككى يىل ئىشلىدىم. لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن نىيىتىمنى ئۆزگەرتىپ، مۇھىت ئالماشتۇرۇپ ئىشلى-مەكچى بولدۇم ـ دە، گېزىتكە خىزمەت ئىزدەش ئېلانى بەردىم. ئېلانغا مۇنداق دەپ يازغانىدىم:

*«ئوقۇتۇش كەسپى بويىچە پىشقان بىر ياش خانىم*

بار، ئۇ 14 ياشتىن كىچىك بالىسى بار ئائىلىدە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئۆتەشنى خالايدۇ. مەزكۇر خانىم ئەنگلىيە مائارىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى دەرسلەر، شۇنىڭدەك فىرانسۇز تىلى، رەسىم ۋە مۇزىكا ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. جاۋاب خېتىڭىزنى × × ئوبلاست لۇدۇن پوچتىخانىسى ئارقىلىق جېيىن ئېيىرگە تەگسۇن، دەپ سالسىڭىز بولىدۇ.»

بىر ھەپتىدىن كېيىن، جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەت مۇنداق مەزمۇندا يېزىلغانىدى:

«ئەگەر ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنىدىكى × × ئوبلاست «پېشۋالار گېزىتى» دە ئېلان بەرگەن جېيىن ئېيىر ئۆزى دېگەن مەلۇماتقا ئىگە بولسا، ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتىگە قانائەتلىنەرلىك ئىسپات كۆرسىتەلىسە، خىزمەت ئورنىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئوقۇغۇچى 10 ياشقا توشمىغان بىر قىز. ئوقۇتقۇچىنىڭ يىللىق مائاشى 30 فوندستېرلىڭ. جېيىن ئېيىرنىڭ ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامە، ئالاقىلىشىش ئادرېسى ۋە تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

× × ئوبلاست مىركىت ئەتراپىدىكى سانفىيىلد، فايرفاكس خانىم.»

خەتنى ئۇزاققىچە ئىنچىكىلەپ ئوقۇدۇم. سانفىيىلدىكى «× × ئوبلاست مىركىت» دېگەن جاينى ئەنگلىيە خەرىتىسىنى ئېچىپ قويۇپ قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم. توغرا، مەن ئۇ يەرنى تاپتىم. × × ئوبلاست مەن

ھازىر تۇرۇۋاتقان ئەڭ چەتتىكى ئوبلاستقا قارىغاندا، لوندونغا 70 ئىنگلىز چاقىرىمى يېقىن ئىدى.

مەن فايرفاكس خانىم ئەۋەتكەن ھارۋا بىلەن يولغا چىقتىم. ئىككى سائەت ماڭدۇق. ھارۋىكەش ئاخىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— ھازىر سىز سانفىېلدقا يېقىنلىشىپ قالدىڭىز، — دېدى.

بىز بىر چېركاۋدىن ئۆتتۇق. تەخمىنەن 10 مىنۇتتىن كېيىن ھارۋىكەش ھارۋىدىن چۈشۈپ، قوش قاناتلىق دەرۋازىنى ئاچتى. ھارۋا يولدا ئاستا مېڭىپ، بىر ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. ھارۋا ئالدى ئىشىكتە توختىشى بىلەن، بىر ئايال خىزمەتچى چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. مەن ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۆيگە كىردىم.

بۇ بىر ئازادە ئۆي ئىدى، ئىسسىق تام مەشىنىڭ يېنىغا بىر يۇملاق ئۇستەل، بىر كونىچە ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك راھەت ئورۇندۇق قويۇلغانىدى، ئۇنىڭدا رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، ۋىجىككىنە بىر موماي ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىغا تۇل خوتۇنلار بۆكى كىيگەن، ئۇستىگە قارا يىپەك كىيىم كىيىپ، بېلىگە ئاپئاق تۇز يوللۇق سىپتا رەختتىن پەرتۇق تارتقان بولۇپ، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى فايرفاكس خانىمغا ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. ئىشىكتىن كىرىشىمگە، موماي ئالدىمغا كېلىپ كۇتۇۋالدى.

— ياخشىمۇسىز، قەدىرلىكىم؟ يول بويى ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ئىچىڭىز بەك پۇشقاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە

يوهان هارۋىنى شۇنداق ئاستا ھەيدەيدۇ، مەشىنىلق گالدىغا كېلىدۇ.

— سىز فايرفاكس خانىمغۇ دەيمەن؟ — دېدىم مەن.

— شۇنداق، توغرا دېدىڭىز، مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ. لېيا، چىقىپ نىگىس هارىقى تەگشەپ، بىر ـ ئىككى پارچە ساندۇچ توغراپ كىر. يۇك ـ تاقىڭىزنى ھۇجرىڭىزغا ئېلىپ كىرىشكە ئادەم چاقىراي.

— بۇگۈن ئاخشام فايرفاكس خېنىم بىلەن كۆرۈشەلەرمەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— فايرفاكس خېنىم؟ سىز ۋالېنس خېنىمنى دەۋاتامسىز ـ نېمە؟ ۋالېنس سىز ئوقۇتىدىغان ئوقۇغۇچىڭىزنىڭ ئىسمى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە، ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ئەمەس، مېنىڭ قىزىم يوق.

ئەسلىدە يەنە سوئالىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ۋالېنس خېنىم بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى سورىماقچى ئىدىم، ئەمما ئويلاپ باقسام، ئۇنداق جىق سوئال سوراش بەك ھۆرمەتسىزلىك بولغۇدەك، شۇڭا، ۋاقتى كەلگەندە بەرىبىر ئاڭلايمەنغۇ، دەپ ئويلاپ سوئالىمنى داۋاملاشتۇرمىدىم.

— ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ئۇ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىز

نىلاڭ كەلگىنىڭىزگە بەك خۇشالمەن، ئەمدى ماڭا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم تېپىلدى، تۇرمۇشۇم خۇشال ئۆتىدىغان بولدى. سانفىيلد ناھايىتى ياخشى بىر كونا قورۇق، بەلكىم يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىرئاز چۆلدەرەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆرگۈلۈك بىر جاي. دەرۋەقە لېيا تولىمۇ يېقىملىق بىر قىز، يوھان ئەر-خوتۇن ئىككىسىمۇ دۇرۇس ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار يەنىلا مالاي-دە، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى بولمايدۇ-دە، ئىناۋىتىڭىزنى ساقلاش ئۈچۈن، ئوتتۇرىدا مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ! ئەمدىلا كۆز كىرىشى بىلەن ئادېير ۋالېنس بىلەن ئۇنىڭ باققۇچىسى كەلگەنىدى، بىر كىچىك بالا بار بولغاچقا، بۇ ئۆي باشقىدىن جانلىنىپلا كەتتى. مانا ئەمدى سىزمۇ كەلدىڭىز، مەن ناھايىتى خۇش بولدۇم. ھازىر سائەت 12 گە قوڭغۇراق چالدى، يۈتىڭىز ئىسسىپ قالغان بولسا، مەن سىزنى ياتىقىڭىزغا ئاچىقىپ قوياي.

ئۇ شامنى كۆتۈرۈپ مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەيگە باشلاپ باردى. پەلەمپەي بىلەن ئۇنىڭ رېشاتكىسى دۇب ياغىچىدىن ياسالغانىدى، پەلەمپەينىڭ دېرىزىلىرى ئېگىز گۈللۈك پەنجىرە بولۇپ، پەلەمپەي پەنجىرىسى بىلەن ياتاق ئۆيلەرگە كىرىدىغان ئۇزۇن كەتكەن كارىدور ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆيگە ئەمەس،

بەلكى چىركاۋغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. پەلەمپەي بىلەن كارىدور گويا بىر گۆرىستانلىقتەك سۈرلۈك تۇسكە چۆمگەن بولۇپ، كىشىگە قۇپقۇرۇق، غېرىبانە ۋە چۆل-دەرەپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرەتتى، مېنىڭ ھۇجرام چوڭ بولمىسىمۇ، زامانىۋى ئۇسلۇبتا سەرەمجان-لاشتۇرۇلغانىدى.

فايرفاكس خانىم كېچىلىكىمگە تەكەللۇپ بىلەن خەيرلىك تىلىگەندىن كېيىن، مەن ئىشىكنى زەنجىر-لىۋېلىپ، ئۆي ئىچىگە خاتىرجەم كۆز يۈگۈرتتۈم. بۇ كىچىك ھۇجرىدىكى جانلىق مەنزىرە ھېلىقى چوڭ زال، قاراڭغۇ، كەڭ پەلەمپەي ۋە سۈرلۈك كارىدور پەيدا قىل-غان ۋەھىمىلىك تەسىرنى ئاللىقاچان خېلى يىراققا قوغلىۋەتكەنىدى. شۇ كېچىسى مەن ئۇزاققا قالمايلا قات-تىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، ئويغانسام كۈن ئاللىقاچان يورۇپ كېتىپتۇ.

بورا سىلىنغان ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ، دۇب يا-غىچىدىن ياسالغان سىلىق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ زالغا كەلدىم. زالدا بىردەم تۇرۇپ، تامدىكى بىرنەچچە پارچە رەسىمگە كۆز يۈگۈرتتۈم. ئىسىمدە قېلىشىچە، بىر رە-سىمدە، كۆكرەكلىكى بار تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ھەي-ۋەتلىك بىر ئەر كىشى بىلەن يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرگەن، بوينىغا ئۈنچە-مەرۋايىت تاقىغان بىر ئېسىلزادە ئايال سىزىلغان ئىكەن. تورۇسقا ئېسىلغان

تۆچ چىراغقا، ئاجايىپ ـ غارايىپ نەقىشلەنگەن، قېپى دۆب ياغىچىدىن ياسالغان چوڭ سائەتكە كۆز يۈگۈرتتىم، سائەت قېپى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان توختىماي سۈرتۈلۈپ تۇرغاچقا، تۇم قارا رەڭگە كىرىپ پارقىراپ كېتىپتۇ. ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك كۆرۈندىكى، مەن بۇنداق ھەشەمەتكە ئانچە ئادەتلىنىپ كېتەلمىدىم. زالنىڭ ئەينەكلىك ئىشىكى يوغان ئوچۇق ئىكەن، مەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتتۇم. بۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى، ھاۋا ئوچۇق، يارقىن قۇياش نۇرى قېنىق سېرىق رەڭلىك دەرەخلەرنى ۋە تېخىچە ياپيېشىل تۇرغان ئېتىز ـ داللارنى تېپتىنچ يورۇتۇپ تۇراتتى، ئالدىمغا مېڭىپ چىملىققا بارغاندىن كېيىن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ بۇ ئىمارەتكە ئۇدۇلدىن سىنچىلاپ قارىدىم. بۇ ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارەت ئىدى، گەرچە كۆلىمى خېلى زور بولسىمۇ، لېكىن نىسبەت بويىچە ئالغاندا ھەرگىز چوڭ كۆرۈنمەيتتى. بۇ بىر دۆ-لەتمەن كىشىنىڭ تۇرالغۇسى بولسىمۇ، ئەمما ئاقسۆ-ڭەكلەرنىڭ قەسرى ئەمەس ئىدى. ئۆگزىنىڭ تۆت تە-رىپىنى ئوراپ تۇرغان كۇنگۇرىلىك تام بۇتۇن ئىمارەتنى سۈرەتكە ئوخشاش تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. بىنانىڭ كۇل رەڭلىك ئالدى تەرىپىدىكى بىر ئاق تۇمشۇقلۇق قاغا ئۇۋىسى شۇنچە ياراشقان ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر شېئىرىي پۇراق چىقىپ تۇراتتى، ئۇۋىنىڭ ئەزالىرى

ئۆچۈپ چىقىپ، چىملىق ۋە ھويلىدىن ئۆتۈپ، بىر پارچە ئوتلاقتا قونۇشتى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پاكار تام ئوتلاق بىلەن ھويلىنى ئايرىپ تۇراتتى. ئوتلاقتا بىر رەت ئاجايىپ چوڭ قىرى چاتقاللىق بولۇپ، شاخلىرى ئىنتايىن باراقسان بولۇپ كەتكەچكە، چوڭ دۈپ دەرەخلەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، مانا بۇ مەنزىرە تۇرالغۇنىڭ «سانفىيىلد» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىدىكى ئەسلىي خەت مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. بىر كىچىك تاغنىڭ باغرىغا بىر كىچىك كەنت جايلاشقان بولۇپ، كەنتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى دەرەخلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ رايوندىكى چېركاۋ سانفىيىلد ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىي قوڭغۇراق مۇنارىدا تۇرۇپ، ئىمارەت بىلەن دەرۋازا ئوتتۇرىسىدىكى توپا دۆڭنى كۆرگىلى بولاتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا، فايرفاكس خانىم ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

— نېمە، ھېلىلا چىقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ، — سىز ئەتىگەن تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلاردىن ئوخشايسىز.

مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.

— سانفىيىلد قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئۇنىڭغا بۇ يەرنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — بۇ بىر چىرايلىق جاي. ئەمما روچېستېر ئەپەندى قايتىپ كېلىشنى خالىمىسا ھەم بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرمىسا ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇرمىسا، بۇ جاينى ئاستا ـ ئاستا خاراب بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، بۇنداق چوڭ تۇرالغۇ جاي بىلەن ياخشى قورۇغا خوجايىنى دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرمىسا بولمايدۇ ـ دە.

— روچېستېر ئەپەندى! — دەۋەتتىم مەن ئۇنىلۈك ئاۋازدا، — ئۇ كىم؟

— سانفىيېلدنىڭ خوجايىنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، بەخىرامان ھالدا، — سىز خوجايىنىنىڭ روچېستېر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟

مەن ئەلۋەتتە بىلمەيمەن، بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

— مەن تېخى، — دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇ- رۇپ، — سانفىيېلدنى سىزنىڭكى ئوخشايدۇ، دەپتىمەن.

— مەن پەقەت بۇ جاينىڭ خوجىدارى، باشقۇرغۇ- چىسى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئانا تەرەپتىن روچېس- تېر ئائىلىسىگە يىراق تۇغقان كېلىمەن ياكى ھېچ- بولمىسا مېنىڭ ئېرىم تۇغقان كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئاددىي بىر باشقۇرغۇچى دەپ قارايمەن.

— ئۇنداق بولسا، ھېلىقى قىزچۇ، مېنىڭ ئوقۇغۇچۇمچۇ؟

— ئۇ روچېستېر ئەپەندىنىڭ ھامىيلىقىدىكى بالا، ئۇ بۇ قىزغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تېپىپ بېرىشنى ماڭا ھاۋالە قىلغان. مېنىڭچە، ئۇ بۇ قىزنى بېقىپ، قاتارغا قوشماقچى. قارالى، ئۇ كەلدى، ئۇ باققۇچىسى بىلەن بىللە كېلىۋاتىدۇ.

سىر يېشىلدى. بۇ مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ۋىجىك تۇل خوتۇن ئىسىلزادە ئايال بولماستىن، بەلكى ماڭا ئوخشاش باشقىلارغا يالللانغان ئىكەن. مۇنداق بولغاندا، مەن تېخىمۇ ئەركىن ـ ئازادە بولالىغۇدەكمەن.

ئۇ قىز باققۇچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتلاق تەرەپ-كە يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىدىم، ئۇ راستىنلا تېخى كىچىك بالا ئىكەن، ئۇ تەخمىنەن يەت-تە ـ سەككىز ياشلاردا بولۇپ، ئورۇق، تاتىراڭغۇ چىراي، چاققان قىز ئىدى، چۈۋۈلغان بۇدرۇ چاچلىرى بېلىگىچە يېيىلىپ تۇراتتى.

— خەيرلىك سەھەر، ئادېېل خېنىم، — دېدى فاير-فاكس خانىم، — بېرى كېلىپ بۇ خېنىم بىلەن پاراڭ-لىشىڭ، ئۇ سىزگە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىدۇ، سىزنى ئەقىلللىق قىز قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئۇ ئالدىمغا يېقىنلاپ كەلدى.

— بۇ مېنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچۇممۇ؟ — ئۇ مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى باققۇچى.

— ئۇلار ئىككىلىسىلا چەت ئەللىكمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ فىرانسۇزچە سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ، ھەيران بولغان ھالدا.

— بالا باققۇچى چەت ئەللىك، ئادېل چوڭ قۇرۇقلۇقتا تۇغۇلغان، ئىشىنىمەنكى، ئالتە ئايدىن بۇرۇنقى بىر قېتىمقىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئەزەلدىن قورۇقتىن ئايرىلىپ باقمىغان. ئۇ دەسلەپ كەلگەندە، ئىنگلىز تىلىنى بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيتتى، ھازىر يۆلەپ - سىغاپ دېگۇدەك ئازراق سۆزلىيەلەيدىغان بولدى.

ھېلىمۇ تەلىيىمگە بىر فرانسىيىلىك خانىمنى ئۇستاز تۇتۇپ، فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىپتىكەنمەن. ئۇ قىز مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئانىلە ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئۇنى ناشتا قىلىشقا باشلاپ كىرگىنىمدە، ئۇنىڭ تىلى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغانىدىم، ئۇ دەسلەپتە ناھايىتى ئاددىيلا جاۋاب بەردى، لېكىن بىز ئۈستەلگە ئولتۇرغاندا، ئۇ سۇس قوڭۇر رەڭ يوغان كۆزلىرى بىلەن مېنى ئون مىنۇتتەك كۆزەتكەندىن كېيىن، توساتتىن چۇلدۇرلاپ سۆزلەپ كەتتى.

— ۋاھ! — دېدى ئۇ فرانسۇز تىلىدا چۇلدۇرلاپ، — سىز مېنىڭ تىلىمدا روچېستېر ئەپەندىگە ئوخشاش ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز. مەن سىز بىلەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندەك سۆزلىشەلىگۇدەكمەن.

سوفىيې سىز بىلەن پاراڭلاشسا ناھايىتى خۇش بولىدۇ. بۇ يەردە ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيدۇ، فايىرفاكس خانىم پۇتۇنلەي ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ. سوفىيې مېنىڭ باققۇچۇم، خېنىم، ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئېير، جېين ئېير.

قارىسام مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم ئانچە تىرىشمايدىغان، ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلارغا تازا ئادەتلىنىپ كەتمىگەنى بىلەن، بەك گەپ ئاڭلايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ سۆزلەپ، ئازراق بىرنەرسە ئۆگەتتىم. چۈشكە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ باققۇچىنىڭ قېشىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلدىم، شۇنىڭدىن كېيىن، چۈشلۈك تاماقتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم ئاددىي سىزما رەسىملەرنى سىزىپ قويماقچى بولدۇم.

ئۈستۈنكى قەۋەتتىن رەسىم تاختىسى بىلەن قېرىنداشنى ئېلىپ چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، فايىرفاكس خانىم مېنى چاقىرىۋالدى.

— چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسىڭىز ئاخىرلاشتىغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ.

شۇ چاغدا ئۇ قاتلىما ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن بىر ئۆيدە تۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئۆيگە كىردىم. بۇ ئۆزگىچە قىياپەتتىكى بىر چوڭ ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىنەپشە رەڭ ئورۇندۇقلار

تىزىلغان، دېرىزىگە بىنەپشە رەڭ پەردە تارتىلغان، پولغا تۈركىيە گىلىمى سېلىنغانىدى، ئۆينىڭ يوغان دېرىزە-سىگە رەڭلىك ئەينەك سېلىنغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئېگىز تورۇسىغا نەپىس، كۆركەم گۈللەر سىزىلغانىدى.

— ئەجەب چىرايلىق ئۆيكەنا! — دېدىم مەن ئىختى-يارسىز ھالدا ماختاپ، — ئۆي ئىچى نېمىدېگەن رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان؟ كۆرگەنلىكى ئادەم بۇ ئۆيدە كۈندە ئادەم تۇرىدىكەن، دەپ قالغۇدەك.

— ھەي، جېين ئېير خېنىم، روچېستېر ئەپەندى بۇ يەرگە ئاز كەلگىنى بىلەن، كەلگۈسى كېلىپ قالسا ناھايىتى تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ، ئويلاپمۇ ئۈلگۈرەلمەيسىز. ئۇ، ھەممە نەرسىنى مەھكەم چۆمكىۋېتىپ، ئۆزى كەل-گەندىلا ئالدىراپ - تېنەپ يىغىشتۇرغانغا بەك ئۆچ. شۇڭا، مەن ئۆينى ھەرقاچان ئىشلەتسە بولغۇدەك تەييار قىلىپ قويغان ياخشى دەپ ئويلايمەن.

— روچېستېر ئەپەندى ئاشۇنداق زەھەرخەندە، شەپ-قەتسىز، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان ئادەممۇ؟

— پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭدا يۇقىـ-رى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئادىتى بار، ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئادىتى بويىچە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

— سىز ئۇنى ياقتۇرامسىز؟ ئۇنى ھەممەيلەن ياقتۇرامدۇ؟

— بۇ ئائىلىدىكىلەر بۇ يەردە ئەزەلدىن كىشىلەر-نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. مۇشۇ ئەتراپ-تىكى كۆز يەتكۈدەكلا يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك روچېستېر ئائىلىسىگە قارايدۇ.

— ھە، بىراق ئۇنىڭ يەرلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟ بۇ ئادەمنى ياقتۇرامسىز؟

— ئۇنى ياقتۇرماسلىققا ئاساسىم يوق. ئۇنىڭ ئور-تاقچىلىرىنىڭ ئۇنى دۇرۇس، كۆكسى ـ قارنى كەڭ يەر ئىگىسى دەپ قارايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— لېكىن، ئۇنىڭ بىرەر ئالاھىدە تەرىپى يوقمۇ، ئاددىيراق قىلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق؟

— ئاھ، مېنىڭچە، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئەيىبلىگۈدەك يېرى يوق، ئېھتىمال ئۇ بىرئاز ئالاھىدە بولسا كېرەك.

بىز ئاشخانىدىن قايتىپ چىققاندا، ئۇ ماڭا ئۆينىڭ باشقا جايلىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىنادىن چۈشۈۋېتىپ تىنىماي ماخ-تايتتىم، ھەممە نەرسە شۇنداق جاي ـ جايىدا ئورۇنلاش-تۇرۇلغان، ھەممە نەرسە شۇنداق چىرايلىق ئىدى.

— خىزمەتكارلار مۇشۇ ئۆيلەردە تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ياق، ئۇلار كەينى تەرەپتىكى بىر كورپۇس

كىچىك ئۆيلەردە تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئەزەلدىن ئادەم تۇرمايدۇ. ناۋادا سىز سانفىيېلد قورۇقىدا جىن بار دېسىڭىز، بۇ ئۆيلەرنى جىن ـ ئەرۋاھلار چۆرگىلەپ يۈرىدىغان يەر دېيىشكە بولىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداقراق ئويلىدىم، بۇ يەردە جىن يوقتۇ ـ ھە؟

— ئىشقىلىپ، مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىدىم، — دېدى فايرفاكس خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— جىن توغرىسىدا رىۋايەتلەر يوقمۇ؟ تارقالغان گەپلەر ياكى جىن توغرىسىدا ھېكايىلەر يوقمۇ؟

— ئىشىنىمەنكى، يوق، ئەمما ئاڭلىشىمچە، روچېستېر جەمەتى ئەينى ۋاقىتتا زوراۋان، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغان جەمەت ئىكەن، ئەتىمالىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھازىر قەبرىسىدە خاتىرجەم يېتىدىۋاتقان بولسا كېرەك.

مەن ئۇنىڭغا ئۇنچىقماي ئەگىشىپ بىر تار پەلەمپەيدىن چىقىپ بالىخانىغا كىردىم ـ دە، ھەرسكەتچان تاختاي ئىشىكتىن ئۆتۈپ ئۆگزىگە چىقتىم.

مەن يېنىك دەسسەپ ئالدىمغا قاراپ كېتىۋېتىپ، بۇنداق تىپتىنچ يەردە ئۇنداق كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلايمەن دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇ كۈلكە ئاۋازى ئاجايىپ غەلىتە، ئېنىق، جانسىز، ئېچىنىشلىق ئىدى. مەن توختاپ قالدىم، كۈلكە ئاۋازىمۇ توختاپ قالدى، لېكىن

بىردەم توختىغاندىن كېيىن، يەنە باشلاندى. ئۇ ناھايىتى ياڭراق ئىدى، دەسلەپتە بۇ كۆلكە ئاۋازى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پەس ئىدى. ئەمدى بولسا، بۇ كۆلكە ئاۋازى قۇلاقنى يارغۇدەك چىقىپ، جىمجىت تۇرغان ھەربىر ئۆيدە ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز پەقەت بىرلا ئۆيدىن چىقىۋاتاتتى، مەن ئاۋازنىڭ قايسى ئىشىكتىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتىم.

— فايرفاكس خانىم! — دەپ چاقىردىم مەن ئاۋازىمنى چىڭ چىقىرىپ، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

— سىز بۇ ياڭراق كۆلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئۇ كىم؟

— خىزمەتكار بولۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئېھتىمال گراس پاۋىلدۇ.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — يەنە سورىدىم مەن.

— ئاڭلىدىم، ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ كۈلگىنىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئۇ بۇ يەردىكى بىر ئېغىز ئۆيدە يىڭنە ئىشى قىلىدۇ، بەزىدە لېيامۇ ئۇ يەرگە كىرىدۇ، بۇ ئىككىسى بىللە بولسا، شۇنداق غەلۋە قىلىدۇ.

كۆلكە ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، ئۇ پەس، ئەمما ناھايىتى رىتىملىق ئىدى، ئەڭ ئاخىردا ئۇ غەلىتە غۇدۇراش ئاۋازى بىلەن ئاخىرلاشتى.

— گراس! — فايرفاكس خانىم توۋلىدى.

ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇ گراس دېگەننىڭ جاۋاب بېرد-
شىنى كۈتمەيتتىم، چۈنكى، بۇ كۈلكە ئاۋازى هاياتىمدا
ئاڭلىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق، پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپ
باقمىغان كۈلكە ئاۋازى ئىدى. ئەگەر بۇ دەل چىڭقى
چۈش ۋاقتى بولمىغان بولسا، مەن چوقۇم خۇراپاتلىققا
ئىشىنىپ، قورقۇپ كەتكەن بولاتتىم.

ماڭا ئەڭ يېقىن يەردىكى بىر ئىشىك ئېچىلىپ،
بىر خىزمەتكار چىقىپ كەلدى. ئۇ 30 ـ 40 ياشلاردىكى،
تەمبەل، قىزىل چاچلىق ئايال ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن
شەپقەتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، شۇنداقلا چىرايى ئادەت-
تىكى چىراي ئىدى.

— بەك چۇقان سېلىپ كەتتىڭلار، گراس! — دېدى
فايرفاكس خانىم، — ساڭا تاپىلىغانلىرىم ئېسىڭدە بول-
سۇن!

گراس تىزلىرىنى پۈكۈپ تەزىم قىلىپ، كىرىپ
كەتتى.

— بۇ ئايالنى بىز يىڭنە ئىشى قىلىشقا ھەم لې-
يانىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ياللىغانىد-
دۇق، — دېدى تۇل خوتۇن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —
بەزى جەھەتلەردە ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق ئەمەس، ئەمما
ئىشنى ناھايىتى ياخشى قىلىدۇ. نۆۋەتتى كەلگەندە سوراپ
باقاي، چۈشتىن بۇرۇن سىز ئوقۇغۇچىڭىز بىلەن

قانداقراق ئۆتتىڭىز؟

چۈشلۈك تاماق ئاللىقاچان تەييار بولۇپ، فايىرفاكس خانىمنىڭ ھۇجرىسىغا تىزىلىپ، بىزنىڭ يېيىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

مەن مۇشۇنداق ئۆزۈم يالغۇز تۇرغان چاغلىرىمدا گراس پاۋلىنىڭ كۈلكىسىنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتىم، ئۇ دەسلەپكى قېتىمغا ئوخشاشلا پەس، ئەمما ئاستا «ھا ـ ھا!» قىلغان ئاۋاز ئىدى. بۇ كۈلكە ئاۋازىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىمدا، راستتىنلا بەدەنلىرىم تىكەنلە-شىپ كەتكەنىدى. مەن يەنە ئۇنىڭ غەلىتە كۈلكىسى-دىنمۇ بەكرەك غەلىتە پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بەزى كۈنلىرى ئۇ ئىنتايىن تىنچلىنىپ كېتەتتى، لې-كىن، بەزى كۈنلىرى ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئا-ۋازلارنى چىقىراتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭ ئۆيدىن تەلەڭگە، تەخسە، پەتنۇسلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاشخانىغا چۈشۈپ كېتىپ، يەنە تېزلا قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرەتتىم، قولىدا دائىم بىر كومزەك قارا پىۋا كۆتۈرۈۋالاتتى. ئۇ-نىڭ ئاۋازى مېنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى بولسا، يەنە دائىم قىزىقىشىمنى يوق قىلىۋې-تەتتى. ئۇنىڭ تەلەتى سوغ، چىراي ئىپادىسى جانسىز بولۇپ، ھېچقانداق قىزىققۇدەك يېرى يوق ئىدى. قورۇق-تىكى باشقا ئادەملەر، يوھان ئەر ـ خوتۇن، ئايال چاكار لېيا ۋە فرانسىيىلىك بالا باققۇچى سوفىيىلارنىڭ

ھەممىسى مېھرى ئىسسىق كىشىلەر ئىدى، لېكىن، ھەرگىز كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەر ئەمەس ئىدى.

10 ـ ، 11 ـ ۋە 12 ـ ئايلار ئۆتۈپ كەتتى، 1 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئۇزۇن ۋاقىتنى كىتابخانىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزگۈم كەلمەي، فايرفاكس خانىم ھېلىلا يېزىپ بولغان بىر پارچە خەتـ نى پوچتىغا سېلىۋەتمەكچى بولۇپ شىلەپەمنى كىيىپ، پەلتويۇمنى ئۇستۇمگە ئارتتىم ـ دە، ئۆزۈمچە باتۇرلۇق قىلىپ، ھاي كەنتىگە قاراپ ماڭدىم، قىش كۈنى چۈشـ تىن كېيىن ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان يولنى پىيادە ماڭماق ئاسان ئىش ئەمەس. مەن سانفـ يېلدتىن بىر ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىغىر يولدا كېتىپ باراتتىم. ئالدى تەرەپتىن بىر ئات بارا ـ بارا ماڭا يېقىنلاشماقتا ئىدى. يول بەك تار بولغاچقا، ئاتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ يولنىڭ قىرىدا ئولـ تۇرۇۋېلىشىمغا توغرا كەلدى. ئات خېلى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى كۆرۈنمەيتتى. «تاق ـ تاق!» قىلغان تۇياق ئاۋازىدىن باشقا، ئورمان ئىچىدىن يەنە بىر سۇس شەپە ئاڭلىنىپ، يەرگە يېتىپ قالغان كامفورا دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئاستىدىن يوغان بىر ئىت جىمجىتلا چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئاق ـ قارا ئارىلاشقان ئالا تۈكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلدى، ئۇ ئېگىز،

كېلىشكەن ئات ئىدى، ئۈستىدە بىر چەۋەنداز ئولتۇراتتى. ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ، يولىغا كېتىۋەردى. تېخى نەچچە قەدەم ماڭماي تۇرۇپلا يىقىلىپ چۈشكەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، «ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ھو، شورۇڭ قۇرۇغۇر!» دەپ ۋارقىرىغان ۋە پالاق - پۇلۇق قىلىپ يەردە دومىلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قارىسام، ئادەم بىلەن ئات يەردە يىقىلىپ يېتىپتۇ، ئۇلار يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆك مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ كەتكەن ئىكەن. ھېلىقى ئىت قايتىپ كېلىپ ئىگىسى-نىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئاتنىڭ ئىڭرىشىنى ئاڭلاپ، تەل-ۋىلەرچە قاۋاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈگۈم قاپلىغان تاغ ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئىنتايىن تەمكىن بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور بەدىنىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئۇ ئاۋۋال يەردە يىقىلىپ ياتقان ئىگىسىنىڭ ئەتراپىنى پۇراپ چۆرگىلىگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇمۇ پەقەت مۇشۇن-داقلا قىلالايتتى، چۈنكى، يېقىن ئەتراپتا ياردەم قىلغۇ-دەك ئادەم يوق ئىدى. مەن ئىتقا بويسۇنۇپ، ھېلىقى يولۇچىنىڭ يېنىغا كەلدىم. بۇ چاغدا ئۇ تىرمىشىپ ئاتنىڭ ئاستىدىن ئاجرىلىپ چىقىشقا تىرىشىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ تولىمۇ كۈچەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئېغىر يارىلانغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنداق-تىمۇ مەن يەنىلا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— يارىلاندىڭىزمۇ، ئەپەندى؟

ئۇ شۇ چاغدا نېمىدۇر بىرنەرسىنى تىللاۋاتقانىدەك قىلاتتى، لېكىن ئۇنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئاغزىدا توختىماي بىرنېمىلەرنى دەيتتى، شۇڭا، ماڭا دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى.

— ياردەم قىلايمۇ؟ — يەنە سورىدىم.

— نېرىراق تۇرۇڭا، — ئۇ جاۋاب بەرگەچ ئۆمىلەپ ئورنىدىن قوپتى، ئاۋۋال تىزلاندى، ئاندىن كېيىن ئۆرە بولدى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن، خارتىلدىغان، قەدەملەر قالايمىـ قانلاشقان ۋە ئات تېپىچەكلەپ، تايغان قاۋاۋاتقان مەنزىرە شەكىللەندى. مېنى بىرنەچچە يارد نېرىغا ئىتتىرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىشلارنى كۆرەلمىگۈدەك ھالدا ئەمەس ئىدىم. ئاخىر تەلەيگە يارىشا بۇ ئات باشقىدىن ئورنىدىن تۇردى. ھېلىقى ئىت «يات، پىرروت!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياۋاشلاپ ئۈنچىقمىدى. يو-لۇچى ئېگىشىپ، ئۆزىنىڭ پۇت ـ پاچاقلىرىنى خۇددى ساقمۇ ـ ساق ئەمەسمۇ دېگەندەك سىلاپ چىقتى. رو-شەنكى، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى ئاغرىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ، باياتىن مەن قوپۇپ كەتكەن قىرغا ھەر قەدەمدە بىر ئاقساپ كېلىپ، گۇيلا قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مېنىڭ ناھايىتى ياردەم قىلغۇم، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئار-تۇق ئىشقا چېپىلغۇم كېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە يېقىن



كەلدىم.

— ئەگەر يارىلىنىپ قالغان بولسىڭىز، ياردەم كې-رەك بولسا، ئەپەندىم، مەن سانفيېلدقا ياكى هاي كەنتىگە بېرىپ ئادەم چاقىرىپ كېلەي.

— رەھمەت سىزگە، ماڭاللايمەن، سۆڭىكىم سۇنۇپ كەتمىدى، پەقەت پۇتۇم قايرىلىپ كەتتى.

ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنى سىناپ باقماقچى بولغانىدى، ئىختىيارسىز «ۋايجان!» دەپ تولۇلۇۋەتتى.

كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى يورۇقى تېخى ئۆچمىگەن بول-سىمۇ، ئاي بارغانسېرى نۇرلانماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا بويلۇق قەددىنى، كەڭ يەلكىسىنى، قارامتۇل يۈزىنى، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى، قويۇق قاشلىرىنى كۆرەلىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە چىڭ تۈ-رۈلگەن قوشۇملىرىدىن بايىقى ئوڭۇشسىزلىقتىن قات-تىق ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئانچە ياش بولمىسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ياشقا بارمىغان، تەخ-مىنەن 35 ياشلاردىكى كىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز قورقمىدىم، پەقەت بىرئاز خىجىل بولغان ھالدا، ئورنۇمدىن قوزغالماي، رەسمىي يوسۇندا:

— ئەپەندىم، سىزنىڭ ئاتقا مىنەلىگىنىڭىزنى كۆرمىگۈچە، بۇنداق كەچتە سىزنى بۇ خىلۋەت چىغىر يولدا تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدىم.

مەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا قاراپ

قويدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ مەن تەرەپكە بىرەر قې-
تىممۇ نەزەر تاشلاپ باقمىغانىدى.

— مۇشۇ تاپتا سىز ئۆيىڭىزدە ئولتۇرسىڭىز بولات-
تىمىكىن، — دېدى ئۇ، — سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

— ئاياغ تەرەپتىكى ئاۋۇ يەردىن، ئايدىڭلا بولسا،
ھەرقانچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ سىرتتىن قورقمايمەن،
ناۋادا شۇنداق زۆرۈرىيەت بولسا، سىز ئۇچۇن ھاي كەن-
تىگە خۇشاللىق بىلەن بىر قېتىم بېرىپ كەلگەن بو-
لاتتىم، راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇ يەرگە خەت سالغىلى
كېتىۋاتاتتىم.

— سىز ئاياغ تەرەپتىكى كۆنگۈرە تاملىق ئۆيلەردە
تۇرامسىز؟ — دېدى ئۇ سانفىيېلد قورۇقىنى كۆرسىتىپ.

— شۇنداق، ئەپەندىم.

— ئۇ كىمنىڭ ئۆيى؟

— روچېستېر ئەپەندىنىڭ.

— سىز روچېستېر ئەپەندىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۇ بۇ يەردە دائىم تۇرامدۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
بېرەلەمسىز؟

— مەن بىلمەيمەن.

— دېمەك، سىز ئۇ قورۇقنىڭ مالىيى

ئەمەسكەنسىزدە؟ سىز...

ئۇ گېپىنى توختىتىپ، مېنىڭ ئۇستىمۇيشىمغا سەپسالدى.

— مەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى.

— ھە، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى دەڭا! — ئۇ گېپىمنى تەكرارلىدى، — شورۇڭ قۇرۇغۇر، مەن بۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان! ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى!

ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مە-دىرلاپ باققاندى، چىرايى ئازابتىن تۈرۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىزنى ياردەمگە ئادەم چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇيالمايمەن، — دېدى ئۇ — ئەمما سىز خالىسىڭىز، ئۆزىڭىز ياردەملىشۋەتسىڭىز بولىدۇ.

— ماقۇل، ئەپەندىم.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇ-رۇپ، — ئېھتىياج تۇيۇلىدىن سىزنى ياردەملەشتۈرمەي بولمىدى.

ئۇ ئېغىر قولىنى مۈرەمگە قويۇپ ماڭا كۆچەپ تا-يىنىپ، ئاقسىغىنىچە ئات تەرەپكە ماڭدى، ئۇ يۈگەننى تۇتۇشى بىلەنلا، ئات شۇئان ناھايىتى ئىتائەتمەن بولۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ سەكرەپ ئېگەر ئۇستىگە چىقىۋالدى. ئۇ ئاتقا مىنىۋاتقاندا، پۇتىنىڭ قايرىلىپ كەتكەن يېرى تېگىپ كەتكەندى، ئاغرىقتىن چىرايى سەتلىشىپ

كەتتى.

— بولدى، — دېدى ئۇ چىڭ چىشلىۋالغان لەۋلىرد-
نى ئېچىپ، — قامچىنى سۇنۇۋېتىڭا، ئۇ دەرەخنىڭ
تۈۋىدە.

مەن قامچىنى تېزلا تاپتىم.

— رەھمەت! ئەمدى هاي كەنتكە تېز بېرىپ خې-
تىڭىزنى سېلىپ كېلىڭ، تېز بېرىپ، تېز قايتىڭ.

ئۇ ئۆتۈكىنىڭ ئاپقۇتى بىلەن ئاتنىڭ بېقىنىغا بىر
دېۋىتىۋىدى، ئات دەسلەپتە بىر چۆچۈپ چىچاڭشىۋەت-
تى - دە، ئاندىن چېپىپ كەتتى، ئىتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن
ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئا-
رىلىقتا، ئۈچىسى كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن يەنە بىر قېتىم سانفيېلد قورۇقىغا كىرگە-
نىمدە، زالدىكى سائەت قوڭغۇراق چېلىشقا باشلىدى.
مەن يان ئىشىكنى ئېچىپ زالغا كىرىپ كەلدىم.

فايرفاكس خانىمنىڭ هۇجرىسىغا كىرسەم، ئۇ يوق
ئىكەن. بىراق گىلەم ئۈستىدە ئۇزۇن يۇڭلۇق يوغان بىر
ئالا ئىت ئوت يالقۇنىغا جىددىي تىكىلگەن پېتى يەك-
كە - يېگانە هالدا تۈپتۈز ئولتۇراتتى. ئۇ بايام يولدا
ئۇچراتقان ئىتقا ئاجايىپ ئوخشايتتى. مەن ئۆزۈمنى تۇ-
تالماستىن ئۇ تەرەپكە مېڭىپ «پېرروت!» دەپ توۋلىدىم.

ئۇ كاساپەت سەكرەپ قوپۇپ كېلىپ، مېنى پۇراشقا
باشلىدى. مەن ئۇنىڭ نەدىن كېلىپ قالغىنىنى قىياس

قىلالمىدىم. مەن بىر تال شام ئەكەلدۈرۈش، شۈنداقلا بۇ مېھماننىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە قوڭغۇراقنى تارتتۇدىم، لېيا كىرىپ كەلدى.

— بۇ كىمنىڭ ئىتى؟

— خوجايىنغا ئەگىشىپ كەپتۇ!

— كىمگە ئەگىشىپ؟

— خوجايىنغا، روچېستېر ئەپەندىگە ئەگىشىپ كەپتۇ. خوجايىن ھېلىلا كەلدى.

— شۇنداقمۇ؟ فايرفاكس خانىم ئۇنىڭ قېشىدىمۇ؟

— ئادېير خېنىممۇ شۇ يەردە. يوھان دوختۇر چاقىرغىلى كەتتى. خوجايىن ھادىسىگە ئۇچراپتۇ، ئات تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىپتىكەن، ئۇنىڭ ئوشۇقى قايرىلىپ كېتىپتۇ.

— ئۇ ئات ھاي كەنتىگە بارىدىغان يولدا يىقىلىپتۇمۇ؟

— شۇنداق، تاغدىن چۈشۈۋاتقاندا مۇزدا تېيىلىپ كېتىپتۇ.

— ھە! ماڭا بىر تال شام بەرگىنە، لېيا.

لېيا شام ئېلىپ كىرگەندە، ئۇنىڭ كەينىدىن فايرفاكس خانىممۇ كىرىپ كەلدى ـ دە، بايىقى خەۋەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ بەردى، شۇنداقلا يەنە كان دوختۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى، ھازىر روچېستېر ئەپەندى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

دوختۇرنىڭ گېپى بويىچە، روچېستېر ئەپەندى شۇ كۈنى بالدۇرلا كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، روچېستېر ئەپەندى ۋاقچە تۇردى، ئۇ پەقەت ئىشلارنى بېجىرگىلىلا پەسكە چۈشتى؛ ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى بىلەن بىرنەچچە ئورتاقچى دېھقان كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

بۇ چاغدا فايرفاكس خانىم ھۇجرامغا ئۇسۇپ كىردى.

— روچېستېر ئەپەندى سىز بىلەن ئوقۇغۇچىڭىزنى بۈگۈن كەچتە دەم ئېلىش ئۆيىدە بىللە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، — دېدى ئۇ.

ئاشخانىغا كىرىدىغان چاغدا، فايرفاكس خانىمنى ئالدىمغا ئۆتكۈزدۇم، بىز باشقا بىرتەرەپتىكى نەپىس ياسالغان بۆلۈمگە كىردۇق.

بۇ بۆلۈمدە ئۈستەل، تەكچىلەرگە ئىككىدىن شام يېقىلغانىدى، پېررورت يەردە ياتاتتى، ئادېير ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. روچېستېر ئەپەندى پۇتلىرىنى تەگلىككە قويۇپ كارۋاتقا يۆلىنىپ، ئادېير بىلەن ئىتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قاشلىرى قويۇق، چاسا پېشانىسىدىكى قاپقارا چاچلىرى توغرىسىغا تارالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تېخىمۇ چاسا كۆرسىتەتتى. مەن بىر قاراپلا، ئۇنىڭ مەن يولدا ئۇچراتقان ھېلىقى يولۇچى ئىكەنلىكىنى توندىم؛ ئۇنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ

تۇرغان بۇرنىنى تونۇدۇم، مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق بۇرۇن ئۇنىڭ ئاسان غەزەپلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى؛ ئۇنىڭ كەسكىنلىك چىقىپ تۇرغان ئاغزى ۋە زاڭقىنى تونۇدۇم. شۇنداق، بۇ ئۇچىسىلا قەتئىيلىكنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھازىر پەلتوسىنى سېلىۋېتكەندى، مەن ئۇنىڭ بەدەن شەكلىنىڭ چاسا يۈزىگە ماس ھالدا چاسا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

مەن فايرفاكس خانىم بىلەن ئىشىكتىن كىردىم، لېكىن، ئۇ بىزگە دىققەت ـ نەزەرىنى ئاغدۇرۇشقا قىزىقمىغاندەك، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى.

— ئېير خېنىم كەلدى، ئەپەندىم، — دېدى فايرفاكس خانىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، يەنىلا ئىت بىلەن بالىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

— ئېير خېنىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىڭ، — دېدى ئۇ.

مەن قىلچە قورۇنماي ئولتۇردۇم.

— خانىم، چاي ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى روچېستېر ئەپەندى. فايرفاكس خانىم ئالدىراپ قوڭغۇراق چالدى، پەتنۇس ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئىستاكان، چاي قوشۇقلىرىنى خۇشامەتگۇيلۇق ۋە ئەپچىللىك بىلەن جايلاشتۇردى. مەن ئادېير بىلەن ئۈستەلگە كەلدۇق. ئەمما، خوجايىن ئۆزىنىڭ كارىۋىتىدىن

چۈشمىدى.

— روچېستېر ئەپەندىنىڭ ئىستاكانىنى ئاپىرىپ بەرسىڭىز، — دېدى ماڭا فايرفاكس خانىم.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن ئىستاكاننى ئېلىۋېتىپ:

— سىز مېنىڭكىدە تۇرغىلى ئۈچ ئاي بولدىغۇ دەيمەن، — دېدى.

— شۇنداق، ئەپەندىم.

— سىز قەيەردىن؟...

— × × ئوبلاستتىكى روئود مەكتىپىدىن.

— ھە! ئۇ بىر خەير ـ ساخاۋەت ئورگىنىمۇ، سىز ئۇ يەردە قانچە يىل تۇرغان؟

— سەككىز يىل.

— سەككىز يىل! سىزنىڭ جېنىڭىز بەك چىڭكەن. مېنىڭچە، ئۇنداق يەردە بىر يىل تۇرسىلا ئادەمنىڭ سالامەتلىكى كاردىن چىقىدۇ! سىزنىڭ باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەندەك ئاشۇ تۇرقىڭىزدىن كىشى ئەجەبلەنمىسىمۇ بولىدىكەن. ناھايىتى ھەيرانمەن، سىز ئاشۇ چىرايىڭىزغا نەدىنمۇ ئېرىشكەنسىز؟ تۇنۇگۈن كەچ يولدا سىزنى ئۇچراتقىنىمدا، چۆچەكلەر ئىسمىگە چۈشۈپ، سىزنى مېنىڭ ئېتىمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىم. ئەمما، ھازىر كېسىپ ئېيتالمايمەن. ئاتا ـ ئانىڭىز كىم بولىدۇ؟

— ئاتا ـ ئانام يوق.

— ھە، — دېدى روچېستېر ئەپەندى سۆزىنى داۋام-لاشتۇرۇپ،— ئاتا ـ ئانىڭىز بولمىغان تەقدىردىمۇ، تاغى-ڭىز، ھاممىڭىز دېگەندەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغۇ باردۇ؟

— يوق. بىلىشىمچە، بىرسىمۇ يوق.

— ئەمىسە، ئۆيىڭىز قەيەردە؟

— ئۆيۈم يوق.

— ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىز نەدە؟

— ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ يوق.

— بۇ يەرگە سىزنى كىم تونۇشتۇرغان؟

— ئۆزۈم ئېلان بەرگەن. فايرفاكس خانىم جاۋاب قايتۇردى:

— شۇنداق، — دېدى ئۇ ئاق كۆڭۈل خانىم، — مەن ھەر كۈنى تەڭرىنىڭ مېنى ئاشۇنداق قارار قىلىشقا يېتەكلىگىنىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئېير خېنىم مې-نىڭ كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان ھەمراھىم، ئادېيرنىڭ مۇلايىم ھەم كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىسى.

— ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەڭ، — دېدى روچېستېر ئەپەندى جاۋابەن، — ماختاشلارغا مەن ئاڭلاپلا ئىشىنىۋەرمەيمەن، بەلكى ھەرقانداق ئىشقا ئۆزۈم ھۆكۈم قىلالايمەن. ئۇ، بىسمىللىسىدىلا ئېتىمنى يىقىتىۋەتتى.

— ئەپەندىم؟ — دېدى فايرفاكس خانىم.

— پۈتۈمنىڭ قايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ تۇل خوتۇن بىر مەھەل تىڭىرقاپ قالدى.

— ئېير خېنىم، سىز شەھەردە تۇرۇپ باققانمۇ؟

— ياق، ئەپەندىم.

— نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىنى كۆر-گەنمۇ؟

— رولۇدتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىگەن. ھازىر بولسا سانفىيلد قورۇقى-دىكى كىشىلەردىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىگەن.

— ئوقۇغان كىتابلىرىڭىز كۆپمۇ؟

— نېمە كىتاب ئۇچرىسا شۇنى ئوقۇۋەرگەن، كۆپ ئەمەس، مەزمۇنلىرىمۇ بەك چوڭقۇر ئەمەس.

— سىز موناخلار تۇرمۇشىدا ياشىغان، شەكسىزكى، دىنىي قائىدە-يوسۇن جەھەتتە ئوبدان تەربىيە ئالغان بولسىڭىز كېرەك؟

— شۇنداق، ئەپەندىم.

— سىز رولۇدقا كىرگەندە نەچچە ياشتا ئىدىڭىز؟

— 10 ياش ئەتراپىدا.

— سىز ئۇ يەردە سەككىز يىل تۇرۇپسىز، ئۇنداق بولسا، ھازىر 18 ياشقا كىرىپسىز-دە؟

مەن «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردىم.

— ئەمىسە، سىز رولۇدتا نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟

پىئانىنو چالالامسىز؟

— ئازراق بىلىمەن.

— ئەمسە پىئانىنونىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر مۇزىكا چېلىپ بېقىڭا.

ئۇنىڭ تاپشۇرغىنىنى بويىچە قىلدىم.

— بولدى! — دەپ توۋلىدى ئۇ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، — بىلدىم، سىز ھەرقانداق بىر ئەنگلىيىلىك قىز ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش ئازراق چالالايدىكەنسىز، بەل-كىم بەزىلەردىن ئوبدانراقتۇ، ئەمما بەك ياخشى دېگىلى بولمايدۇ.

مەن پىئانىنونى يېپىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم. روچېستېر ئەپەندى گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈن ئەتىگەن ئادېل ماڭا بىر قىسىم تېز سىزما رەسىملەرنى كۆرسەتتى، ئۇلارنى سىز سىزغان ئىكەنسىز، ئۇ رەسىملەرنىڭ پۈتۈنلەي سىزنىڭ قولى-ڭىزدىن چىققان-چىقمىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن، ئە-تىمالىم، بىرەر رەسسام ياردەم بەرگەندۇ.

— سىز ئۆزىڭىز ھۆكۈم قىلسىڭىز بولىدۇ، ئەپەن-دىم.

مەن كىتابخانا ئۆيدىن رەسىم جازىسىنى ئېلىپ چىقتىم.

ئۇ ھەربىر تېز سىزما ۋە رەسىملەرنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، ئۈچ پارچىسىنى بىر چەتكە قويۇپ

قويدى، قالغىنىنى بولسا كۆرۈپ بولۇپ، چەتكە سۈرۈپ قويدى.

— سىز قايسى ۋاقىتلاردا ۋاقىت چىقىرىپ سىز-دىگىز؟ بۇ رەسىملەرنى سىزىشقا بەك ۋاقىت كېتىدۇ، شۇنداقلا كاللا قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

— روئودتا ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تەتىلدە سىزغان، تەتىلدە مېنىڭ باشقا ئىشىم يوق ئىدى.

ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، دوققىدىلا:

— سائەت توققۇز بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ، — ئېير خېنىم، سىز نېمە مەسىلداپ يۈرىسىز، ئادېير بۇ يەردە سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋەرسۇنمۇ؟ ئاپىرىپ ئۇخلاتمامسىز!

ئادېير ئۆيدىن چىققۇچە ئۇنى سۆيۈپ قويۇۋىدى، ئۇ مۇنداق يېقىنچىلىققا چىداپ تۇردى.

— ھە، كۆپچىلىك، كەچلىكىڭلار خەيرلىك بول-سۇن، — دەپ، ئۇ ئىشىك تەرەپكە قول ئىشارىسى قىلدى. فايرفاكس خانىم توقۇلمىلارنى ئالدى، مەن رەسىم جا-زىسىنى ئالدىم. ھەممىمىز ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تەزىم قىلدۇق. ئۇ قوپاللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ جاۋاب قايتۇرغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىز قايتىپ چىق-تۇق.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە، مەن روچېستېر ئەپەن-دىنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم.

بىر كۈنى ئۇ قوڭغۇراق چېلىپ ئادەم ئەۋەتىپ،

ئادىپىر بىلەن ئىككىمىزنى بىرىنچى قەۋەتكە چاقىرتىپتىكەن، بىز پەسكە چۈشتۇق.

روچېستېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەخمەل سىلىنغان ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئىكەن، شۇ تاپتا ئۇ مەن ئىلگىرى كۆرگەن روچېستېر ئەپەندى بىلەن بەئەينى باشقا ـ باشقا ئىككى ئادەم ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ هازىرقى ئەلپازى ئۇنچىۋالا يامان ئەمەستەك قىلاتتى.

ئۇ ئوچاقتىكى ئوتقا ئىككى مىنۇتتەك تىكىلىپ تۇردى، مەن بولسام ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى بۇراپ، مېنىڭ ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالدى.

ـــ ماڭا قاراۋاتامسىز، ئېيىر خېنىم؟ ـــ دېدى ئۇ، ـــ مەن چىرايلىقمىكەنمەن؟

ـــ ياق، ئەپەندىم.

ـــ هە! «ياق» دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟

مەن گەپ قىلمىدىم، بەلكى كۈلۈمسىرەپ تۇردۇم، بۇ كۈلكە كۆرەڭلىك كۈلكىسىمۇ ئەمەس، ئىتائەتمەنلىك كۈلكىسىمۇ ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز هويلىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ مېنى ئورمان ئارىسىدىكى ئۇزۇن چىغىر يولدا سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئۇ ماڭا ئادىپىرنىڭ فرانسىيىنىڭ ئوپېرا ئارتىسى سېلىنا ۋارلىنىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ

ئوپېرا ئارتىسىغا بىر مەزگىل خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، «ئوتتەك كۆيۈپ» يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ خىل مۇھەببەتكە سىلىنامۇ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن ئىكەن.

— ئېير خېنىم، فرانسىيىلىك بۇ ساھىبجامالنىڭ بىر ئەنگلىيىلىك پاكىنەككە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىدىن مەن ھەقىقەتەن ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مالاي ۋە ئات، ھارۋىلارنى تەخ قىلىپ بەردىم، ئۆچكە تېۋىتى، بىرلىيانت ۋە چىلتەكلەرنى سوۋغا قىلدىم. قىسقىسى، مەن بارلىق مەجنۇنلارچە ئاشىق بولغانلارغا ئوخشاش، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت شەكلى بويىچە ئۆزۈمنى ھالاك قىلىشقا باشلىدىم. مەن خۇددى ئار ـ نومۇس ۋە ھالاكەتكە تۇتىشىدىغان يېڭى بىر يولنى ئېچىشنى بىلمەيدىغان، مۇستەقىللىقى يوق ئادەمدەك، كونا يولغا ئەخمەقلەرچە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئىزىدىن يېرىم قەدەممۇ چەتنىيەلمىدىم. مەن بارلىق مەجنۇنلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالدىم، بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ شورى! بىر كۈنى كەچتە، مەن سىلىنانى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ باشقا بىر ئاشىنىسى بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، دەرۋەقە، ئۇ مەندىن چىرايلىق ئىدى. مەن سىلىناغا بولغان ھامىيلىقىمنى بىكار قىلىپ، ئۆينى بىكار قىلىشنى ئۇقتۇردۇم. ئۇنىڭ جىددىي خىراجىتى

ئۇچۇن بىرئاز پۇل بەردىم ـ دە، ئۇنىڭ چىرقىراپ ۋايساشلىرىغا، ساراڭلارچە قىلىقلىرىغا، يالۋۇرۇش ـ نارا- زىلىقلىرىغا، ھەتتا ھوشىدىن كېتىشلىرىگە پەرۋا قىل- مىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە، تەلىيىمگە يارىشا ئۇنىڭ ئاشنىسى بىلەن دۇئېلغا چىقىپ، ئۇنىڭ توخۇنىڭ قا- نىتىدەك ئاجىز، بىچارە ئاپئاق بىلىكىگە بىر تال ئوقنى قاداپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى بىلەن ھېچ- قانداق مۇناسىۋىتىم قالمىدى، دەپ قارىغانىدىم، بىراق بەختسىزلىك شۇ بولدىكى، ۋارلىن ئالتە ئاي ئىلگىرى مېنىڭ ئالدىمغا بۇ ئادېير دېگەن قىزنى ئېلىپ كېلىپ، «سېنىڭ بالاڭ» دەپ تۇرىۋۋالدى ـ دە، بۇ بالىنى ماڭا قالدۇرۇپ، مۇزىكانتمۇ ياكى ناخشىچىمۇ ئەيتاۋۇر بىرسى بىلەن ئىتالىيىگە قېچىپ كەتتى، ئەينى چاغدا مەن ئا- دېيرنى بېقىش مەجبۇرىيىتىم بارلىقىنى ئېتىراپ قىل- مىغانىدىم، ھازىرمۇ ئېتىراپ قىلمايمەن، چۈنكى، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ نامراتلىقتا قالغى- نىنى ئاڭلاپ، بۇ بىچارىنى پارىژنىڭ پاتقاق كوچىلىرى- دىن ئېلىپ چىقىپ، ئەنگلىيىنىڭ يېزىلىرىدىكى گۈل- زارلىق، ساغلام تۇپرىقىدا پاك چوڭ بولسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم. فايرفاكس خانىم ئۇنى تەربىيىلەشكە سىزنى تېپىپ كەپتۇ. ھازىر سىز ئۇنىڭ بىر فرانسىيە ئوپېرا ئارتىسىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز، بەلكىم، كۆڭلىڭىزدە ئۇنىڭ بىر كۈنى مېنى باشقا

بىر يېڭى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تېپىۋال، دەرسىمىز، شۇندىاقمۇ؟

— ياق، ئادېير ئانىسى بىلەن سىزنىڭ سەۋەبىلىدىكىلارغا جاۋابكار بولماسلىقى كېرەك. مەن ئادېيرگە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىمەن.

ئۆز ھۇجرامغا قايتىپ كىرىپ، كېچىدە روچېستېر ئەپەندى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى بىمالال يېتىپ ئەسلەپ چىقتىم. نەچچە ھەپتىدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى دەسلەپتىكىدەك ئۇنداق توختالغۇسىز ئۆزگىرىپ تۇرمىدى. مەن كۆرۈشۈشكە رەسمىي تەكلىپ قىلىنغىنىمدا، شەرەپ بىلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا سازاۋەر بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمدە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغۇدەك قابىلىيەت بارلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇنداقلا كەچتىكى پاراڭىمىزنىڭ ئۇنىمۇ خۇشال قىلىدىغانلىقىنى، ماڭىمۇ كۆپ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى سەزدىم.

ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى مۇلايىملىشىپ كەتتى. مەن ئەمدى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالمايدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان دوستلۇقى، سەممىيلىكى، ھەم لايىقىدا، ھەم قىزغىن بولۇپ، مېنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. تۇرمۇشۇمغا مۇشۇنداق بىر قىزىقىش قوشۇلغاچقا، ئىنتايىن خۇشال، ئىنتايىن رازى ئىدىم. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ تۇغقانلىرىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ

كەتمەيدىغان بولدۇم. مېنىڭ ئىمجان ھالىتىم ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا تولغان تەقدىرىمدە كۆرۈنەرلىك ئۆز-گىرىش يۈز بەردى. تۇرمۇشۇمدىكى بوشلۇق تولدى، سا-لامەتلىكىم ياخشىلىنىپ، ئەت قوندى، كۈچ كىردى.

روچېستېر ئەپەندى ماڭا ھازىرمۇ سەت كۆرۈنەمدۇ؟ ياق! ئۇ سەت ئەمەس. مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ۋە تولىمۇ خۇشاللىق، يېقىنلىق ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى مەن كۆرۈشكە ئەڭ ئامراق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغا-نىدى. ئۇ ئۆيدە بولسىلا كىشىنى خۇشال قىلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، راست گەپنى قىلسام، ئۇنتۇيمەن دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەل-مەيتتىم، ناھايەتكى، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا داۋاملىق يېڭى كەمچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاۋاتاتتى. قايسىبىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغانلا ئادەم بولسا، ئۇ تەكەببۇرلۇق، زەھەرخەندىلىك بىلەن كىشىنىڭ يېغىرىنى تاتىلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا تۇتۇۋاتقان خۇش چىراي مۇئا-مىلىسى بىلەن باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە تۇتقان نامۇ-ۋاپىق قوپال مۇئامىلىسىنىڭ نىسپىي تەڭلىك مۇئامى-لىسى ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. ئۇ بەزىدە غەمكىنلىشىپ، ھەتتا كىشى چۈشەنگۈسىز دەرىجىگىمۇ بېرىپ قالاتتى. ئۇ مېنى كىتاب ئوقۇپ بېرىشكە چا-قىرتقاندا، ئۇنىڭ كىتابخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇۋالغىنچە بېشىنى بىلەكلىرىگە

قوبۇپ ئولتۇرغىنىمنى ئۇچراتقىنىم بىر قېتىملا ئەمەس، ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىدىن يامان غەرەزلىك، ھەتتا غەزەپ - نەپرەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆڭۈل غەشلىكى بىلىنىپ قالاتتى. ئەمما، ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ غەمكىنلىكى، قاتتىقلىقى ۋە ئىلگىرى سادىر قىلغان ئەخلاق جەھەتتىكى سەۋەنلىكلىرى — ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك ۋە تولىمۇ كاجلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مېنىڭ «ئىلگىرى» دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ھازىر خاتالىقىنى تۈزىتىپ، يېڭىدىن ئادەم بولغاندەك قىلاتتى، مېنىڭچە، ئۇ ساپاسى ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى، پەقەت ھازىرقى ۋاقىتتا دەپسەندە بولۇپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى، خالاس. ئىنكار قىلالمايمەنكى، مەيلى قانداق ئازاب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىڭ ئازابى ئۈچۈن ئازابلىنىمەن ھەم ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل بېرىشكىمۇ رازى ئىدىم.

بىر كۈنى كېچىسى، ئاللىقاچان شامنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ بولغان بولسامۇ، لېكىن غۇۋا گۇدۇڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قېلىپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇ ئاۋاز غەلىتە ۋە ئېچىنىشلىق بولۇپ، گويا ھۇجرامنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەتتىن كېلىۋاتقاندەكلا قىلاتتى. كېچە قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ ئىدى، يۈرىكىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى،

شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتا جىم ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدىم. ئەمما، ئۇ ئاۋاز يوقاپ كەتتى.

كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۇخلاپ قېلىشقا تىرىشىپ باق-قان بولساممۇ، يۈرىكىم «گۈپ - گۈپ - گۈپ» قىلىپ ئەنسىز سېلىپ كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن، ئاستىنقى قە-ۋەت زالدىكى سائەتنىڭ قوڭغۇرىقى سائەت ئىككىگە چېلىندى. دەل شۇ چاغدا، مېنىڭ ئىشىكىمگە بىرنەرسە ئۈرۈلۈپ كەتتى، خۇددى بىرسى كارىدوردىن قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك، بارماقلىرى تاختايلارغا تېگىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن. بىراق جاۋاب بولمىدى، قورقۇنچتىن پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى.

شۇ چاغدا، خۇددى ئىشىكىمنىڭ تۇۋىدىلا چىققان-دەك، پەس، بوغۇق، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ كۈلكىسىدەك كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، كارىۋىتىمنىڭ بېشى ئىشىككە يېقىن ئىدى. باشتا مەن قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقان ئالۋاستى كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىلا ئوخشايدۇ ياكى ياستۇقۇمنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن. لېكىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىسام، ھېچنېمە كۆرۈنمە-دى. مەن گۇمانلىنىپ يەنە تەپسىلىي قاراۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇ غەلىتە ئاۋاز يەنە بىر قېتىم ئاڭلاندى. مەن ئورنۇم-دىن تۇرۇپ، ئىشىك ئىلگىكىنى چىڭراق ئېلىپ قويماقچى بولدۇم ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا «كىم؟» دەپ

ۋارقىرىدىم.

نېمىدۇر بىرنەرسە پىخىلدايتتى، ئىڭرايتتى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، بىرسى كارىدوردىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيى تەرەپكە كەتتى. ئۈچىنچى قەۋەتكە يېقىندىلا يېڭىدىن ئىشىك ئورنىتىلىپ، پەلەمپەي ئېتىۋېتىلگەنىدى. بىرپەس ئىشىك ئې-چىلغان ۋە يېپىلغان ئاۋازدىن كېيىن، جاھان بۆرۈنقى-دەك تىنچىپ قالدى.

«ئۇ گىراس پاۋلىمىدۇ؟ ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىۋال-غانمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم مەن. مېنىڭ ئۆزۈم يالغۇز تۇرغۇم كەلمىدى. شۇڭا، فايرفاكس خانىمنى تېپىش نىيىتىدە، ئىتتىك كىيىنىپ، يېپىنچامنى يېپىنىپ، تىترەپ كېتىۋاتقان قوللىرىم بىلەن ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك سىرتىدىكى كارىدورغا سېلىنغان پالاس ئۈستىدە بىر تال شام يېنىپ تۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، لېكىن، مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇكى، ھاۋا خۇددى ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتكەندەك ئىنتايىن بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، يەنە كۆچلۈك كۆيۈك پۇ-رىقىمۇ كېلىپ تۇراتتى.

نېمىدۇر بىرنەرسە غىچىلدىدى. ئۇ يېرىم يېپىلغان روچېستېر ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئىكەن، ئىشىكتىن ئىس-تۈتەك تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ چىقىۋاتات-تى. مەن فايرفاكس خانىمنىمۇ، گىراس پاۋلىنىمۇ ياكى



ھېلىقى كۆلكىنىمۇ ئۇيلاپ تۇرماي ھۇجرا ئىچىگە ئېتىلىپ كىردىم. يالقۇن كارىۋاتنىڭ تۆت تەرىپىدىن چىقىپ، پاشىلىقنىمۇ تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئوتنىڭ يورۇقى ۋە ئىس - تۈتەكنىڭ قورشاۋى ئىچىدە، روچېستېر ئەپەندى ئۇزۇن سوزۇلۇپ، مىدىرلىماي يېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى.

— ئويغىنىڭ، ئويغىنىڭ! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئۇنى تۇرتۇپ تۇرۇپ. ئەمما ئۇ، غۇدۇراپ قويۇپ يانغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى، ئۇنى ئىس ئېلىپ كېتىپتۇ. ئوت كارىۋات كىرلىكىگىمۇ تۇتاشتى، ئەمدى تەخىر قىلىشقا بولمايتتى. مەن ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى داسنى قولۇمغا ئېلىپ، سۇ ئىدىشىغا قاراپ ئېتىلدىم، تەلىيىمگە داس ناھايىتى يوغان، ئىدىش ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، داسقا سۇ لىق چىقتى. داس بىلەن ئىدىشتىكى سۇنى كەينى - كەينىدىن ئېلىپ كېلىپ كارىۋاتقا، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈستىگە چاچتىم، كارىۋات بىر قېتىم يۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى، شۈكرى، كارىۋاتنى يۇتۇۋەتكىلى تۇرغان ئوتنى ئاخىر ئۆچۈرۈۋالدىم.

سۇيىنى تۆكۈپ بولۇپ تاشلىۋەتكەن ئىدىشنىڭ چېقىلغان ئاۋازى، بولۇپمۇ ماڭا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئاتا قىلغان دۇش مۇنچىسىنىڭ شارقىرىشىدىن روچېستېر ئەپەندى ئاخىر چۆچۈپ ئويغاندى، گەرچە قاپقاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدە ياتقىنىنى كۆرۈپ غەلىتە

ئاۋازدا تىللاپ كەتكىنىدىن، ئۇنىڭ ئويغانغانلىقىنى بىلدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ كارىدوردىن چىققان غەلىتە كۈلكە ئاۋازىنى، ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەن ئاياغ تاۋۇشىنى قانداق ئاڭلىغىنىمنى، ئىس پۇرىقىنىڭ مېنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرگەنلىكى ۋە ئۆي ئىچىدە كۆرگەنلىرىم، قانداق قىلىپ سۇنى ئۇنىڭ ئۇستىگە سەپكەنلىكىم قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا تولۇق، ئىخچام قىلىپ بايان قىلىپ بەردىم.

ئۇ جىددىي كەيپىياتتا تىڭشىدى. سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ چىرايىدا تەشۋىش، ھەتتا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى.

روچېستېر ئەپەندى بۇ يەردىن 10 ئىنگلىز چاقىرىم نېرىدىكى مىركىتتىكى ۋرىشتون ئەپەندىنىڭ يىغىلىشىغا قاتناشقىلى سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پوچتالىيون فايرفاكس خانىمغا يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كەلدى. خەتنى روچېستېر ئەپەندى يازغانىدى. ئۇ خېتىدە، ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى پەيشەنبە كۈنى كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ خېتىدە، بارلىق ئالىي دەرىجىلىك ياتاقلارنى تەييارلاپ قويۇشنى، كىتابخانا ۋە مېھمانخانىلارنىمۇ پاكىز تازىلاپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى.

فايرفاكس خانىم ناشتىلىقنى ئالدىراپ ـ تېنەپ يەپلا تەييارلىق قىلغىلى چىقىپ كەتتى.

بۇ بىر ئىللىق، تىپتىنچ باھار كۈنى ئىدى، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بۇنداق كۈنلەر يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كۈندۈز ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى، ئەمما، كەچقۇرۇنلۇقى ھاۋا تېخىمۇ ئىللىق بولۇپ كەتتى، مەن دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، كىتاب ئوقۇش ئۆيىدە ئىش قىلىپ ئولتۇردۇم.

— كەچ بولۇپ قالدى، — دېدى فايرفاكس خانىم ئۆيگە كىرىپ، — ھازىر سائەت ئالتە بولدى. يوھاننى دەرۋازا ئالدىغا، يولدا بىرەر شەپە بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىشقا چىقىرىۋەتتىم. ئۇ يەردىن مىركىت تەرەپ خېلى يەرگىچە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇ دېرىزە ئالدىغا باردى:

— ئۇ كەلدى! — دېدى ئۇ بېشىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ، — يوھان خەۋەر بارمۇ؟

— كەلدى، خانىم، — دەپ جاۋاب بەردى يوھان، — ئون مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ كېلىدۇ.

تۆت ئاتلىق ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى، ئىككى پەيتۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتاتتى. روچېستېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ قارا ئېتى مىسرونى مىنىۋالغانىدى، پىرروت ئۇنىڭ ئالدىدا

ئويناقلاپ چىپىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر خېنىم بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى پۈتۈن سەپنىڭ ئالدىدا قاتارلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قارا قويۇق بۇدۇر چاچلىرى چۈمبىلى ئىچىدە يالتىراپ تۇراتتى.

— ئىنگرام خېنىم! — دەپ ۋاقىرىغىنىچە، فايىر-فاكس خانىم ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئال-دىراپ بىنادىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا زالنى خۇشال كۈلكە-پاراڭلار قاپلىدى. ئەرلەرنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن خانىملارنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن-دى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا سانفىيېلدنىڭ خوجايىنىنىڭ ئا-ۋازى ھەممىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئا-ۋازى ئۈنلۈك بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ياڭراق ئىدى. ئۇ گۈزەل، خۇشخۇي ئەر-ئايال مېھمانلارنىڭ قورۇققا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا، يېنىك قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدىن چىقىپ، كارىدورنى كېسىپ ئۆتكەن ئاۋازلار، مۇلايىم كۈلكە ئاۋازلىرى، ئىشىكلەرنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى-دە، ئاخىردا، ھەممە ئەتراپ جىمىپ كەتتى.

— ئۇلار كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئادېير ھەربىر ئۆزگىرىشنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ۋە

كۆزىتىپ، بۇ چاغدا ئۇ «ئۇھ» تارتىپ قويىدى.

بىردەمدىن كېيىن، ئايال مېھمانلار ھۇجرىلاردىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال، يېنىك قەدەم تاشلايتتى، ئۇستىدىكى كىيىملىرى گۈگۈم يورۇقىدا پارقىراپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار خۇددى بىر پارچە يارقىن تۇمان تاغ بېشىدىن دومىلاپ چۈشكەندەك، ھېچقانداق شەپە چىقارماي پەلەمپەيدىن چۈشۈشتى. بۇ كىشىلەر مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل داڭلىق ئېسىلزادىلەرگە خاس نازاكەتلىك ۋە چوڭ سۆھبەت ئىدى.

سائەت 10 بولغان چاغلاردىمۇ ئەر مالايلار تېخىچە پەتنۇس ۋە قەھۋە ئىستاكانلىرىنى كۆتۈرۈپ، توختىماي چېپىپ يۈرەتتى.

مەن ئادېير بىلەن پەلەمپەينىڭ ئەڭ يۇقىرىقى باسقۇچىدا ئولتۇردۇق.

ھايال ئۆتمەي يېقىملىق پىئانىنو ساداسىغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاۋازى ياڭرىدى. بىر خېنىم ئىنتايىن يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. يالغۇز ناخشىدىن كېيىن، قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتىلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ساز تەڭكەش قىلمايلا ناخشا ئېيتىلدى، ناخشا توختىغان ئارىلىقتا بىرپەس گۇدۇڭلىغان ئاۋازلار ئەۋج ئالدى.

سائەت 11 گە قوڭغۇراق چېلىندى. ئادېيرغا قارىسام،

ئۇ بېشىنى مۇرەمگە قويۇپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئۇخلاتقىلى ئەكىرىپ كەتتىم. سائەت بىرگە يېقىنلاشقاندا، ئەر ـ ئايال مېھ-مانلار ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئەتىسى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشلا ئوچۇق كۈن بولدى. خوجايىن مېھمانلارنى يېقىن ئەتراپتىكى مەلۇم جايغا سەيلىگە باشلاپ كەتتى.

بۇ قېتىممۇ تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش يالغۇز ئىنگرام خېنىملا ئات مىنگەندى. روچېستېر ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئىككىيلەن باشقىلاردىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى. مەن فايرفاكس خېنىم بىلەن بىللە دېرىزە ئالدىدا تۇراتتۇق، مەن كۆز ئالدىمىدىكى مەنزىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— سىز ئۇلارنى توي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دې-گەنىدىڭىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئەمما، باشقا ئايال-لارغا قارىغاندا، روچېستېر ئەپەندى ئۇنىڭغا بەكرەك ئامراقتەك قىلىدۇ.

— شۇنداق، روچېستېر ئەپەندىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىدە شەك يوق، — دېدى ئۇ.

— ئۇ ئايالمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ قو-شۇپ قويدۇم مەن، — ئۇ ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقسامتى ئىلاھىم، ئەزەلدىن ئۇنى كۆرۈپ باققىنىم يوق!

— بۈگۈن ئاخشام كۆرەلەيسىز، — دېدى فايرفاكس

خانىم جاۋاب بېرىپ، — مەن ئادېيېر خېنىمنىڭ خېنىملارنى ناھايىتى كۆرۈپ باققۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى روچېستېر ئەپەندىگە ئېيتقانىدىم. ئۇ، ئەمىسە، تاماقتىن كېيىن مېھمانخانىغا كەلسۇن، ئېير خېنىم بىللە ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى.

كەچتە، مەن مېھمانخانىغا كىرگەندە، ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى، ياندىكى تاماق يەيدىغان ئۆيدىن بىر بىر قەۋەت تام بىلەنلا ئايرىلىپ تۇراتتۇق، لېكىن، ئۇلار شۇنچە پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتىكى، گۇڭگۇر - گۇڭگۇر قىلغان ئاۋازدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايتتى.

شۇ چاغدا بىر توپ خانىم مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغىنى باي تۇل خوتۇن ئېنگرام خېنىم بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرى برانچ ۋە مارى ئىدى، بۇنداق بولۇشىغا ئەتىمالىم ئۇلارنىڭ بويىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئېگىز بولغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

برانچ بىلەن مارىنىڭ بويى تەپمۇتەڭ بولۇپ، تېرەكتەك ئېگىز، قاۋۇل ئىدى. برانچ بولسا خۇددى ئاي شارىدىن چۈشكەن ئايال ئىلاھقا ئوخشايتتى. ئەلۋەتتە، مەن ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتاتتىم. بىرىنچىدىن، مەن ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ فايرفاكس خانىم تەسۋىرلىگەنگە مۇناسىپ كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدىم؛

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۆزۈم تەسەۋۋۇرۇمغا تايىنـ
سىزىپ چىققان مېكرو پورتېرتىمغا ئوخشايدىغان،
ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم؛ ئۇچىنچىدىـ
ئۇنىڭ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك، روچېستېر ئەپـ
ـدىگە لايىق كېلىدىغان- كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بـ
ـماقچى ئىدىم. بۇ نۇقتىدا هازىرلا نەتىجە چىقىشى مۇمكىـ

تاشقى قىياپىتىدىن ئالغاندا، ئۇ ھەرقايسى جەھـ
ـلەردىن مەن سىزغان رەسىمگە ۋە فايرفاكس خانىمـ
تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشايدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ يۈزىـچـ
ئۇنىڭ يۈزى ئانىسىنىڭكىگە سىيۇپ چاپلاپ قويغانـ
ئوخشايدىكەن، ئۇ پەقەت ياشراق بولۇپ، قورۇق چۈشـ
ـگەنىدى: ئۇنىڭ پەس پېشانىسى، تەكەببۇر كۆرۈنىدىغـ
قاش، كۆزلىرى، بۇرنى، ئانىسىغا ئوپمۇئوخشاش ئىـ
پەقەت ئۇ سوغۇق بولماستىن، دائىم كۈلۈپلا تۇراتتى.

روچېستېر ئەپەندى ئەڭ ئاخىردا كىرىپ كەلدى.

«لەيلىنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، مە
ـنۇننىڭ كۆزى بىلەن قارا» دېگەن سۆز ئىنتايىن تو
ئىكەن. خوجايىنىمنىڭ قانسىز، زەيتۇنغا ئوخشايدـ
سوقچاق يۈزى، چاسا پېشانىسى، كەڭ، قاپقارا قاشلىـ
چوڭقۇر كۆزلىرى، قوپال كەلگەن بۇرۇن، قۇلاق، ئـ
ـڭەكلىرى، قەتئىي ۋە كەسكىن كۆرۈنىدىغان ئـ
ـزى — بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ھاياتىي كۈچ، قەتئىيلـ
ۋە ئىرادە چىقىپ تۇراتتى، بىر خىل تولۇپ تاشقان ز

تەسىرىي كۈچ مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ،
سىياتىمنى تىزگىنىمدىن ئايرىپ، ئۇنىڭغا باغلاپ
ماقتا ئىدى. ئەسلىدە مېنىڭ ئۇنى سۆيۈش خىيالىم
ئىدى. ئەمما، ھازىر ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا، بۇ مۇ-
بەت بىخلىرى يەنە ئۆزلۈكىدىن تىرىلىپ، ياشىرىپ،
ەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا بىر نەزەر تاشلاپمۇ
ماي تۇرۇپ، مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.
روچېستېر ئەپەندى مېيىقىدا كۈلگەنىدى، ئۇنىڭ
مكىن چىرايى مۇلايىملىشىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ كۆزلى-
، يارقىن ۋە ئىللىق، قاراشلىرى شۇنچە ئۆتكۈر ۋە
مق ئىدىكى، كۆڭۈلگە خۇددى بالدەك شېرىن تۇيغۇ
مشلايتتى. شۇ تاپتا ئۇ پاراڭلىشىۋاتاتتى، مەن ئايال-
مڭ ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بېقىنىشلىرى-
تەبەسسۇم بىلەن قوبۇل قىلىۋاتقىنىغا كۆز ئۇزمەي
پ تۇردۇم. مۇنداق بېقىنىشلار ئالدىدا ئۇ ئاياللار كۆز-
بنى قاچۇرۇپ، قىزىرىشىپ كېتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ-
ەن، ئەمما ئويۇمنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار مىتمۇ قىلىپ
مدى، بۇ ھال مېنى خۇشال قىلدى. «ئۇنىڭ ماڭا
ان مۇئامىلىسى ئۇلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئوخ-
ايدۇ، — دەپ ئويلىدىم مەن، — روچېستېر ئەپەندى
اق ئايالالارنىڭ خىلىدىكىلەرگە ئەمەس، بەلكى مې-
ڭ خىلىمدىكىلەرگە مەنسۇپ، بۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى،
ەزىمىز ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە

ھەربىر ھەرىكىتىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىمەن. گەرچە ئورنىمىز ۋە بايلىق بىزنى ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، لې-كىن، مەن مېنىڭ مېڭەمدە ۋە يۈرىكىمدە، قېنىم ۋە نېرۋىلىرىمدا مەلۇم بىر خىل مېنى ئۇنىڭ بىلەن زىچ باغلاپ تۇرغان بىرنەرسە باردەك ھېس قىلىمەن. مەن ئۆزۈمنى روچېستېر ئەپەندىنىڭ خىلىدىكى ئادەم دېگە-نىم، ھەرگىزمۇ مەندە ئۇنىڭغا ئوخشاش تەسىرچانلىق، ئۇنىڭدىكىدەك جەلپكارلىق بار دېگىنىم ئەمەس، بەلكى مېنىڭدە ئۇنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان مەلۇم قىزىقىش ۋە ھېسسىيات بار دېگىنىم. مەن دائىم ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر چوڭقۇر ھاڭ بار، دەپ ئا-گاھلاندۇرۇپ تۇرۇشۇم كېرەك. بىراق، مېنىڭ تىنىقىملا بولىدىكەن، ئۇنى چوقۇم سۆيۈشۇم كېرەك.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، خوجايىنىم بە-لەن ئۇنىڭ مېھمانلىرى خىلمۇخىل ئويۇنلارنى ئويناپ، ئاجايىپ ياخشى كۆڭۈل ئاچتى. لېكىن، خوجايىن بىلەن ئىنگرام خېنىم ئوتتۇرىسىدا مەن ئەنسىرەۋاتقان مۇھەب-بەتنىڭ پەيدا بولمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى كۆرۈپ يەتتىم، بەلكى خوجايىننىڭ ماڭا تېخىمۇ بەك كۆڭلى بارلىقىنى سەزدىم. شۇڭا خاتىرجەم بولۇپ، ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ ئىنگرام خېنىم بىلەن بىللە بولغان چاغ-لىرىغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى، ئۇ مېركىتكە بىر ئىش بىلەن كېتىپ،

ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى.

گۈگۈم چۈشتى، كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى. شۇ چاغدا، ماڭا يۆلىنىپ دېرىزە تەكچىسى يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئادىير ۋارقىراپ كەتتى:

— قاراڭلار، روچېستېر ئەپەندى قايتىپ كەلدى!

ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشى بىلەن ئاتنىڭ شالاق-لىتىپ سۇنى دەسسىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر پەيتۇن ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى.

پەيتۇن توختاپ، سەپەر كىيىمى كىيگەن بىر مۆ-تىۋەر كىشى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇ ناھايىتى مودا كىيىنگەن، ئېگىز بويلۇق يات ئادەم ئىدى.

كەلگەن كىشى تېزلا ئۆيگە كىردى. ئۇ ئېنىگرام خېنىمنى شۇ يەردىكى كىشىلەر ئىچىدە يېشى چوڭراق كۆرگەن چېغى، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى.

— مەن بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ قالغاندەك قىلىمەن، خانىم، — دېدى ئۇ، — دوستۇم روچېستېر ئەپەندى چە-قىپ كېتىپ قاپتۇ. مەن يىراقتىن كەلگەن بولغاچقا، يېقىن كونا تونۇش سۈپىتىدە، بۇ يەردە ئۇنى ساقلاپ تۇرسام بولامدىكىن.

ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمما، ئۇ-نىڭ تەلەپپۇزى بىنورمال بولۇپ، يا تەلتۆكۈس چەت ئەللىككە ئوخشىمايتتى، ياكى تولۇق ئەنگلىيە تەلەپپۇ-زىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ روچېستېر ئەپەندى بىلەن تەڭ

دېمەتلىك بولۇپ، 30 ـ 40 ياشلار ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ-نىڭ تېرىسى بەك سېرىق بولمىغان بولسا، ئۇ بىر كېلىشكەن ئەر بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەگەر زەن سې-لىپ قارىسا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئادەمگە ياقمايدىغان، ياكى كىشىلەر ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان بىرنەرسىنى ھېچكىم بايقىيالمايتتى. ئۇ تەندۇرۇس بولسىمۇ، لېكىن، بەك بوش كۆرۈنەتتى؛ كۆزلىرى يوغان، چىرايلىق ئىدى، لېكىن ئۇ كۆزلەر جانسىز بولۇپ، ھاڭۋاقتىلىق چىقىپ تۇراتتى.

كەلگۈچىنىڭ ئىسمى مازون ئەپەندى ئىدى، ئۇ ھې-لىلا ھاۋاسى ئىسسىق بىر مەملىكەتتىن ئەنگلىيىگە كەپتۇ. ئۇنىڭ «يامايكا»، «كىنستون»، «ئىسپانلار شە-ھىرى» دېگەندەك گەپلىرىگە قارىغاندا، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا تۇرغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

كەچلىك تاماقتىن بىرەر سائەتلەر ئۆتكەندە، رو-چېستېر ئەپەندى قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا بىر يات ئادەمنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتىم.

— ئۇنىڭ ئىسمى مازون ئىكەن، ئەپەندىم، ئۇ غەر-بىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىن كەپتۇ. يامايكىدىكى ئىسپانلار شەھىرىدىن كەلدىمىكىن دەيمەن.

روچېستېر ئەپەندى مېنىڭ يېنىمدا ئۆرە تۇراتتى، «مازون» دېگەن ئىسىم ئاغزىمدىن چىقىشى بىلەن ئۇ تىترەپ كېتىپ، قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى، چىرايىدىكى

كۆلكە شۇئان قېتىپ قالدى، تىترىگىنىدىن نەپىسىمۇ بوغۇلۇپ قالدى.

— مازون! غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى! — دەپ تەكرارلىدى ئۇ.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ، ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— جېنىن، ماڭا زەربە بولدى، ماڭا زەربە بولدى!

ئۇ دەلدەڭشىپ كەتتى.

— ھەي، ماڭا يۆلىنىۋېلىڭ، ئەپەندىم.

—جېنىن، سىز بۇرۇن مېنى مۇرىڭىز بىلەن يۆلەۋالغانىدىڭىز، ھازىرمۇ يۆلىنىۋالايچۇ.

— بولىدۇ، ئەپەندىم، بولىدۇ، يەنە بىلىكىمنىمۇ تۇتۇۋېلىڭ.

ئۇ ئولتۇرۇپ، مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئىككى قولى بىلەن قولۇمنى سىلايتتى، كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى.

— كىچىك دوستۇم! — دېدى ئۇ، — مەن پەقەت ئىككىمىزنىڭلا، باش قېتىنچىلىقى، خېيىمخەتەر ۋە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خالىي، يىراق بىر تىنچ ئارالچاققا كېتىشنى خالايتتىم.

— سىزگە ياردەم قىلالايمەنمۇ، ئەپەندىم؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ھاياتىم بەدىلىگە سىزگە خىزمەت قىلىشنى خالايمەن.

— مېھمانخانىغا كىرىپ، مازۇننىڭ قېشىغا بېرىپ، مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇنىڭغا ئاستا ئېيتىپ، بۇ يەرگە باشلاپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل، ئەپەندىم، — دېدىم - دە، ئۇنىڭ تاپىلىغىنىدەك قىلدىم.

يېرىم كېچە، مەن كارىۋاتقا چىقىپ خېلىدىن كې-يىن مېھمانلارنىڭ ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كەتكىنىنى ئاڭلىدىم. يەنە روچېستېر ئەپەندىنىڭ:

— بۇياققا ماڭ، مازون، بۇ سېنىڭ ھۇجراڭ، — دې-گەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

ئۇ خۇشال سۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ خۇشخۇي تەلەپپۇزى مېنى خاتىرجەم قىلدى - دە، ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كەتتىم.

كېچە جىمجىتلىقىنى سانفېيلد قورۇقىدىن چىققان بىر قاتتىق، قۇلاقنى يارغۇدەك چىرقىراق ئاۋاز بۇزۇۋەت-تى.

بۇ ئاۋاز ئۈچىنچى قەۋەتتىن چىقىپ، مېنىڭ بې-شىمدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىنلا بىرپەس ئېلىشقان ھەم جان تىكىپ ئۇرۇشۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇ چاغدا يەنە ئاران ئاڭلانغۇدەك بوش، بوغۇق ئاۋاز چىقتى.

— قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار!

بۇ ئاۋاز ئۇدا ئۈچ قېتىم ئاڭلاندى.

— نېمىشقا تېخىچە ئادەم كەلمەيدۇ؟ — دەپ

ۋارقىرىدى يەنە شۇ ئادەم.

— روچېستېر، روچېستېر! تېز كەلسەڭچۇ!

ئىشىك ئېچىلىپ، بىر ئادەم يۈگۈرۈپ ئۆتتى ياكى ئۇنى كارىدوردىن ئېتىلىپ ئۆتتى دېيىشكە بولاتتى. يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى پولنى دەسسەپ ماڭغىنى، نېمىدۇر، بىر نەرسىنىڭ ئۆرۈلگىنى ئاڭلاندى، كەينىدىنلا ئەتراپ جىمىپ كەتتى.

تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كەتتى، كارىدورغا ئادەم توشتى. ئەر ـ ئايال مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇپ كەتكەندى. ھەر تەرەپتىن سوئاللار بېرىلەتتى ۋە كۆپچىلىك قالايمىقان سۆزلىشەتتى. ئايدىڭ بولمىغان بولسا، كۆپچىلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان بولاتتى. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياققا قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر توپ بولۇپ يىغىلدى. بەزىلەر يىغلايتتى، بەزىلەر پۇتلىشىپ يىقىلاتتى، بىر پارچە مالىماندىچىلىق بولۇپ كەتتى.

— شورۇڭ قۇرۇغۇر، روچېستېر قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى پولكوۋنىك دېنت، — ئۇ كارىۋىتىدا يوق تۇرىدۇغۇ؟!

— مانا مەن، مانا مەن! — دېگەن ئۈنلۈك جاۋاب ئاڭلاندى، — كۆپچىلىك تىنچلىنىڭلار، مانا مەن كەلدىم.

كارىدورنىڭ بېشىدىكى ئىشىك ئېچىلىپ، روچېستېر ئەپەندى شام كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ھېلىلا

ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشكەندەك قىلاتتى.

— بىر خىزمەتكار جۆيلۈپتۇ، مانا مۇشۇنچىلىككىلا ئىش. ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ، نېرۋىسى جىددىيلىشىپ، چۈشىدە كۆرگىنىنى جىن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بولدى، ئەمدى مەن كۆپچىلىكنى ھۇجرىلىرىغا ئەكىرىپ قوياي. پۈتۈن بىنا تىنچلانغاندىلا، بىز ئۇنىڭغا ياخشىراق قارىيالايمىز.

ئۇ شۇنداق ھەيدەپ ھەم ۋارقىراپ يۈرۈپ، ناھايىتى تەستە ھەممە ئادەمنى يەنە بىر قېتىم ھۇجرىلىرىغا كىرگۈزۈۋېتىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ بۇيرۇق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي ئاۋاز چىقارماستىن ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم.

مەن دېرىزە ئالدىدىن كېتىپ ئەمدىلا ئايىغىمنى سالاي دەۋاتقىنىمدا، بىرسى ئېھتىيات بىلەن ئىشىكىمنى يېنىك چەكتى.

— ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ — مەن كۈتكەن ئاۋاز سوراۋاتاتتى.

ئۇ خوجايىنىمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— شۇنداق، ئەپەندىم.

— كىيىمىڭىزنى كىيىۋالغانمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە بۇياققا چىقىڭ، ئاستاراق.

ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىپ، تولا ئىش چىقىپ تۇرىدىغان ئۇچىنچى قەۋەتنىڭ سۇرلۇك، پەس كارىدورىدا توختىدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ يېنىدا توختىدىم.

— ھۇجرىڭىزدا پاكىزرەك بولۇت بارمۇ؟ — ئۇ پىچىرلاپ سورىدى.

— بار، ئەپەندىم.

— تۇز بارمۇ، ئاسان پارلىنىدىغان تۇز؟

— بار.

— بۇ ئىككى نەرسىنى ئېلىپ كېلىڭ.

ھۇجرامغا قايتىپ كېلىپ، داس جازىسىدىن بۇلۇت-نى، تارتمىدىن تۇزنى ئالدىم. ئۇ ئۆز جايىدا مېنى ساق-لاپ، ئاچقۇچ تۇتۇپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ بىر قاناتلىق كى-چىك ئىشىككە كېلىپ ئاچقۇچنى سالدى، ئەمما يەنە توختاپ قېلىپ سورىدى:

— قاننى كۆرگەندە كۆڭلىڭىز ئېلىشمايدىغاندۇ؟

— ئۇنداق بولماسمەن، ئەمما، ئەزەلدىن قان كۆرۈپ باققىنىم يوق.

جاۋاب بېرىۋاتقان ۋاقتىمدا ئىختىيارسىز بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى، لېكىن زادىلا تىترىمىدىم، ھو-شۇمدىنمۇ كېتىپ قالمىدىم.

— قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى ئۇ، — ھوشىڭىزدىن كەتسىڭىز بولمايدۇ.

مەن بارماقلىرىمنى ئۇنىڭ قولىغا قويدۇم، «ئىللىق

ھەم تەمكىن» قوللار ئىكەن دەپ باھا بەردى. ئۇ ئارقى-دىنلا ئاچقۇچنى تولغاپ، ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك يوغان ئېچىلدى. ئۆي ئىچىدىكى چىراغ يورۇقى تاشقىرىغىمۇ چۈشتى. ئۇ يەردىن تۈرۈپ - تۈرۈپ ئىتنىڭ ھاۋشىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ ئاڭلىناتتى، روچېستېر ئەپەندى شامنى قويۇپ، ماڭا «تۈرۈپ تۈرۈڭ» دەپ قويۇپ، ئىچ-كىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كىرىشىگە بىر پەس كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، دەسلەپتە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قى-لىشتى، كېيىن بۇ ئاۋازلار گىراس پاۋلىنىڭ ئالۋاستى-لارچە قاقاقلىغان كۈلكىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەينى چاغدا گىراس پاۋىل شۇ يەردە ئىكەن. روچېستېر ئەپەندى ئۇنچىقارماستىن ئۇنى ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما مەن يەنە بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلاپ سۆزلىشىۋاتقان-لىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يېنىپ چىقىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— بۇ يەرگە كېلىڭ، جېين! — دېدى ئۇ. مەن بىر يوغان كارىۋاتنى ئايلىنىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىغا ئۆتتۈم، بۇ كارىۋات ئۆينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئى-گىلىگەنىدى. كارىۋات بېشىنىڭ يېنىغا قويۇلغان يۆ-لەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىر ئادەم ئولتۇراتتى، ئۇ پەلتو-سىدىن باشقا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى كىيىۋالغا-نىدى. ئۇ مىدىرلىماستىن، بېشىنى كەينىگە يۆلەپ،

كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇراتتى. روچېستېر ئەپەندى شامنى ئۇنىڭ بېشىغا تۇتتى. ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ، قانسىز چىرايىدىن، ئۇنىڭ مازون ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. يەنە ئۇنىڭ بىرتەرەپتە تۇرغان ئىچ كىيىمى بىلەن بىر بىلىكىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆردۇم.

— شامنى ئېلىپ تۇرۇڭ، — دېدى روچېستېر ئەپەندى.

مەن شامنى ئالدىم، ئۇ يۇز يۇيىدىغان داس جازىسىدىن بىر داس سۇ ئېلىپ كېلىپ، «تۇتۇڭ» دېدى. مەن سۇنى ئېلىپ، تۇتۇپ تۇردۇم. ئۇ بۇلۇتنى داستىكى سۇغا چىلاپ ئېلىپ، مازوننىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك يۈزىنى نەمدىدى. ئۇ مېنىڭدىن تۇز قۇتىسىنى ئېلىپ، ئۇنى مازوننىڭ بۇرنىغا تۇتتى. كۆپ ئۆتمەي مازون ئەپەندى كۆزىنى ئېچىپ ئىڭرىدى. روچېستېر ئەپەندى ياردارنىڭ كۆڭلىكىنى يەشكەندى، بىلىكى ۋە مۈرىلىرىدىكى تېڭىقلار كۆرۈندى. ئۇ تېزلىك بىلەن چىقىۋاتقان قاننى بۇلۇتقا شورىتىۋالدى.

— هاياتىمغا خەۋپ يېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدى مازون ئەپەندى ئاستا.

— ياق، تېرىسىلا ئازراق سويۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمە، بۇرادەر. غەيرەتلىك بول! هازىر ئۆزۈم بېرىپ دوختۇر چاقىرىپ كېلىمەن، ئەتە سەھەردىلا سېنى يولغا سېلىپ قويااي دەۋاتىمەن، جېين، — ئۇ

كېيىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنى مۇشۇ ئۆيدە قالدۇر-
مەن. ئەگەر قان ئېقىپ چىقسا، ماڭا ئوخشاش بولۇتقا
سۇمۇرتۇلۇق. ئەگەر بېشى قايسا، جاۋەندىكى ئاۋۇ ئىستا-
كاندىكى سۇنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتۇپ، تۇزنى بۇرنىغا
پۇرىتىڭ. ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز گەپلەشمەڭ، ناۋادا رى-
چارد، ئاغزىڭنى ئېچىپ ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىپ، ھايا-
جانلىنىدىغان بولساڭ ھاياتىڭ خەتەرگە ئۇچرايدۇ، ئۇ
چاغدا مەن ئىگە بولمايمەن.

بۇ بىچارە ئادەم يەنە ئىڭراشقا باشلىدى، قارىغاندا ئۇ
مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك، ئۆلۈمدىن ياكى
باشقا قانداقتۇر بىرنېمىدىن قورقۇپ قېتىپ قالغاندەك
قىلاتتى. روچېستېر ئەپەندى بولۇتنى ماڭا تۇتقۇزۇپ،
«ئېسىڭىزدە بولسۇن، گەپ قىلماڭ!» دەپ قويۇپ ئۆيدىن
چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەن بۇ ئۇچ قەۋەتلىك بىنادىكى
بىر سىرلىق كىچىك ئۆيگە مەھكەم سولىنىپ قالدىم.
تۆت ئەتراپىم قاپقاراڭغۇ، ئالدىمدا قانلىق مەنزىرە؛ بىر
ئايال قاتىل بىلەن بىر ئىشىك ئارقىلىقلا ئايرىلىپ
تۇرۇپتىمىز. مۇشۇ ئىشلا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدى-
تىدۇ، باشقىلىرىغا ھەر ھالدا چىداش مۇمكىن. گراس
پاۋلىنىڭ ماڭا ئېتىلىپ كېلىشىنى خىيالىمغا
كەلتۈرسەملا، پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كېتىدۇ.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاچقۇچ شىرىقلاپ، قۇلۇپ

ئىچىلدى، روچېستېر ئەپەندى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى كىردى.

روچېستېر ئەپەندى كەندىردىن توقۇلغان دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، ئىمكانقەدەر ئۆيگە كۈن نۇرىنى چۈشۈرمەكچى بولدى، تاڭ ئاللىقاچان يورۇغانىدى. روچېستېر ئەپەندى مازوننىڭ قېشىغا باردى. تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۇنى داۋالاۋاتاتتى.

— ھەي، بۇرادەر، قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئېھتىمال ئۇ جېنىمنى ئالغان ئوخشايدۇ، — دېدى مازون ئاجىزغىنە.

— نېمىدىگىنى؟ باتۇرراق بول! پەقەت ئازراق قانلا چىقتى شۇ، كارت، ئۇنىڭغا خەتەر يوق، دەپ قويغىنە.

— ۋىجدانىم بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەن، — دېدى كارت، ئۇ تېڭىقنى پۇتتۇنلەي يېشىپ بولغانىدى، — بالدۇرراق كەلگەن بولسام، ئۇنچە كۆپ قان چىقىپ كەتمەيتتى. مۇرىسىنى پىچاق كەسكەندەك قىلمايدۇ، بۇ يەردە يەنە چىشنىڭ ئىزى تۇرىدۇ.

— ئۇ مېنى چىشلىدى، — دەپ غودۇڭشىدى مازون، — روچېستېر ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالغانىدى، ئۇ خۇددى چىشى يولۋاستەك مېنى چىشلەپلا كەتتى.

— سەن ئۇنىڭغا چىشلەتمىسەڭ، ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالساڭ بولاتتى، — دېدى روچېستېر ئەپەندى.

— ئۇنداق ئەھۋالدا نېمىمۇ قىلالايتتىڭ؟ — جاۋاب بەردى مازون.

— ھەي، بەك قورقۇنچلۇق بولدى، — ئۇ تىتىرەپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — مۇنداق ئىش يۈز بېرىشىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن، باشتا ئۇ شۇنچە تىنچ تۇرغان-دەك قىلاتتى.

— سېنى ئاگاھلاندۇرغاندىمغۇ، — ئۇنىڭ دوستى جاۋاب بەردى، — ئۇنىڭدىن پەخەس بول دېگەنتىمغۇ. ئۇ-نىڭدىن باشقا، سەن ئەتىگىچە توختاپ تۇرۇپ، مەن بىلەن بىللە كىرسەڭ بولماسمىدى؟ بۈگۈن كەچتىلا، يەنە كېلىپ ئۆزۈڭ يالغۇز ئۇنى كۆرگىلى كىرىپ، راستىنلا بەك ئەخمەقلىق قىپسەن.

— ئاز - تولا پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەرمەنمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ئويلايسەن! ئويلايسەن! ياخشى، بۇ گېپىڭ ئادەم-نىڭ كۆڭلىنى نېمىدېگەن بىئارام قىلىدۇ - ھە، نېمىلا دېگەنبىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ دەردىنى تارتتىڭ، مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلىمساڭ، يەتكۈدەك دەرد تار-تىسەن، شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن، ساڭا نەسىھەت قىل-مايمەن. كارت، تېزرەك بول! كۈن چىقىپ قالدى. ئۇنى ماڭدۇرۇۋېتىشىم كېرەك.

— ھازىرلا تۈگەيدۇ، ئەپەندىم، مۈرىسىنى تېڭىپ بولدۇم. لېكىن، بىلىكىدىكى يەنە بىر جاراھەتنى كۆرۈپ

بېقىشىم كېرەك.

—ئۇ مېنىڭ قېنىمنى ئىچتى، يەنە تېخى يۈرە-كىمگىنى يۇلۇپ ئېلىپ يەيمەن،—دېدى مازون ئەپەندى.

مەن روچېستېر ئەپەندىنىڭ تىترەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى ئاشۇ خىل يىرگىنىش، قورقۇش ۋە ئازابلىق ئىپادىدىن چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئەمما، ئۇ پەقەت:

— كېلە، ئۇنۇڭنى چىقارما، رىچارد، ئۇنىڭ بىمەنە گەپلىرىگە پەرۋا قىلما، ئەمدى ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەكرارلىما، — دېدى.

— ئىلاھىم، بۇلارنى ئۇنتۇپ كىتەي، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

بۇ چاغدا سائەت بەش يېرىم بولغانىدى، كۈن چىقايلا دەپ قالغان، ھويلا ئىچى جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى، ما-زون روچېستېر ئەپەندى بىلەن دوختۇرنىڭ يۆلىشىدە، ھەرھالدا ئەركىن قەدەم تاشلاپ كېلەتتى. ئۇلار مازوننى يۆلەپ پەيتونغا چىقارغاندىن كېيىن، كارتمۇ چىقتى، پەيتون مېڭىپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەن تۆۋەنگە چاقىرتىلىپ، بىنادىن چۈشتۈم، ئۇ يەردە مالاي سىياقىدىكى بىر ئادەم مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

—ئېھتىمال مېنى ئەسكە ئالالمايۋاتقانسىز، خې-نىم، — دېدى ئۇ مەن ئۆيگە كىرىشىمگىلا ئورنىدىن

تۇرۇپ، — مەن لىۋېن بولىمەن، بۇنىڭدىن سەككىز ـ توققۇز يىل ئىلگىرى سىز گاتېسخېدتا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، مەن قورۇقتىكى رېيىد خانىمنىڭ هارۋىسىنى هەيدەيتتىم. هازىر مۇشۇ يەردە تۇرىمەن.

— هە، روبېرت! ياخشىمۇسەن؟ مەن سېنى هەرگىز ئۇنتۇمىدىم!

— ئالدىڭىزدا ناهايىتى خىجىلمەن، خېنىم، — دېدى ئۇ، — سىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىدىم. هازىر ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ناهايىتى يامان، ھەقىقەتەن بەك چاتاق بولدى. يوھان ئەپەندى لوندوندىكى تۇرالغۇسىدا ئالەمدىن ئۆتتى، تۇنۇگۇن بۇنىڭغا دەل بىر هەپتە بولدى. خانىمنىڭ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، يوهان ئەپەندىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ تۇيۇقسىز بولدى، شۇڭا ئۇ روهىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ئۇدا ئۈچ كۈن گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئەمما، ئۆتكەن سەيشەنبە كۈنى بىرئاز ياخشىلانغاندەك بولۇپ، توختىماستىن «جېيننى چاقىرىڭلار، جېيننى چاقىرىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار» دەۋەردى، شۇڭا، خېنىم، ئەتە ئەتىگەندە سىز مەن بىلەن بىللە قايتمىسىڭىز بولمىغۇدەك.

— بولىدۇ، روبېرت، مەن ۋاقتىدا تەييارلىنىپ بولىمەن، مېنىڭچىمۇ مېنىڭ بېرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.



5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا مەن گاتېسخېد قورۇقىغا يېتىپ كەلدىم ـ دە، دەرھال ئۆيگە كىرىپ كارىۋات يېنىغا بېرىپ، بېشىغا ئېگىز ياستۇق قويۇپ ياتقان رېيىد هاممامنى ئېگىلىپ سۆيدۇم.

— جېين ئېيرما؟ — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، رېيىد هاما.

— ياخشى، مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكى بىرنەچچە ئىشـنى ئېيتماقچىمەن. مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىككى ئىش قىلىپ قويدۇم، بۇنى ئويلىسام هازىر بەك پۇشايـمان قىلىمەن. بىرى، مەن ئېرىمگە بەرگەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىپ، سېنى ئۆز بالامدەك تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدىم. يەنە بىرى، — ئۇ توختاپ قالدى، — سەن پەرداز قۇتىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئېچىپ، ئىچىدـدىكى خەتنى ئالغىن.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك خەتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ:

— ئوقۇ، — دېدى.

بۇ خەت قىسقا بولۇپ، مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«خانىم:*

*جىيەن قىزىم جېين ئېيرنىڭ ئادرېسى ۋە يېقىنقى ئەھۋالىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز. مەن ئۇنىڭغا دەرھال خەت يېزىپ، ئۇنى ماديېراغا، يېنىمغا ئەكېلىۋالماقچىمەن.*

*تەڭرى ئىرادىسىنىڭ ئادەمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ. هازىر مېنىڭ تۇرمۇشۇم باياشات ئۆتۈۋاتىدۇ، تېخىغىچە ئۆيلەنمىگەچكە، بالا ـ چاقام يوق، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئۇنى قىزىم قىلىۋېلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن، بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرماقچىمەن.*

*هۆرمەت بىلەن سالام يوللىغۇچى:*

*يوهان ئېير. مادېللادا يېزىلدى»*

خەت ئۈچ يىل ئىلگىرى يېزىلغانىدى.

— مەن ساڭا جان ـ جېنىمدىن ئۆچلۈك قىلغاچقا، سېنىڭ بېشىڭغا بەخت قۇشى قونۇشىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىم تەبىئىي ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا جېين ئېير ئۆلۈپ كەتتى، دەپ خەت يازدىم. هازىر قاغداق قىلىمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ، بىر پارچە خەت يېزىپ، مېنىڭ گېپىمنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچىلىقىمنى تېزدىن ئېچىپ تاشلا.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، رېيىد خانىم ئۆلۈپ كەتتى.

سانفېيلد قورۇقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىككى هەپتىدە، مەن گۇمان تۇمانلىرى ئىچىدە، كۈنلىرىمنى تېپتىنچ ئۆتكۈزدۈم.

چوقۇنۇش بايرىمىنىڭ هارپىسىدا، كۈن ئەمدىلا تاغ كەينىگە ئۆتكەندە، مەن گۈللۈككە چىقتىم.

ئاي تېخى ئانچە ئېگىز كۆتۈرۈلمىگەن بىر چاغدا، روچېستېر ئەپەندىنىڭ ئۇزۇن سايىسى ھويلىغا چۈشتى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا:

— جېين، بۇ ئەبلەخنى كۆرۈپ بېقىڭا، — دېدى.

دەسلەپتە قورقۇپ كەتتىم، كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم.

— ئۇنىڭ قانتىغا قاراڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇ ماڭا، بىر غەربىي ھىندىستان ھاشارىتىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ، ئەنگلىيىدە كېچە ساياھىتى قىلىدىغان مۇنداق چوڭ، مۇنداق رەڭدار ھاشارات كەم ئۇچرايدۇ. قاراڭ، ئۇ ئۇچۇپ كەتتى.

شەپىرەڭ ئۇچۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئەنسىزلىك بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم، روچېستېر ئەپەندى ماڭا يېقىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— قايتىپ كېلىڭ، مۇشۇنداق چىرايلىق ئايدىڭ كېچىدە ئۆيدە ئولتۇرۇش نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش؟ چوقۇم ھېچكىمنىڭ ئۇخلىغۇسى كەلمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئاستا ئەگىشىپ ماڭدىم.

— جېين! — ئۇ يەنە گەپ باشلىدى، — سانفىيىلد يازلىقى بەك سۆيۈملۈك جاي، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم.

— سىزنىڭ سانفىيىلدقا چوقۇم مېھرىڭىز چۈشۈپ قالدى بولغاي، سىز تەبىئەت گۈزەللىكىدىن

ھۆزۈرلىنىشنى بىلمدىكەنسىز، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئاير-
رىلغۇڭىز كەلمەيدىغۇ دەيمەن.

— راستتىنى ئېيتسام، بۇ يەرنى ياخشى كۆرىمەن.

— يەنە كېلىپ، مەن نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەن-
مىسەممۇ، لېكىن سىزنىڭ ئادىير دېگەن بۇ كىچىك
ئەخمەققە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغىنىڭىزنى، ھەتتا
سادداا، قېرى تۇل خوتۇن فايرفاكسقا كۆڭۈل بۆلۈۋات-
قىنىڭىزنى بايقاپ قالدىم.

— شۇنداق، ئەپەندىم، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ياخ-
شى كۆرىمەن. پەقەت ياخشى كۆرۈشنىڭ خاراكتېرىلا
ئوخشمايدۇ.

—لېكىن، مېنىڭچە ھازىر سىزنىڭ ئىرادىڭىز
تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ، — دېدى ئۇ، — قولۇمنى، يۈ-
رىكىمنى ۋە مال ـ مۈلكۈمنى سىزگە بېغىشلايمەن.
جېين، سىزنى ماڭا خوتۇن بولۇشقا چاقىرىۋاتىمەن، مەن
سىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى.

مەن ئۈنچىقمىدىم، كۆڭلۈمدە، ئۇ مېنى زاڭلىق
قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— كېلىڭ، جېين، بۇياققا كېلىڭ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر چامداپلا ئالدىمغا كەلدى.

— جېين، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟

مەن جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولدۇم،
چۈنكى، مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە تېخىچە ئىشەنمەيتتىم.

— سىز مېنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتامسىز، جېين؟

— مۇتلەق گۇمانلىنىمەن.

— ماڭا ئىشەنمەمسىز؟

— قىلچىمۇ ئىشەنمەيمەن!

— مېنى يالغان سۆزلەيدىغان ئادەم دەپ قارايدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — مەن سىزدىن ئېرىگىز بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سوراۋاتىمەن.

— نېمە، مەن؟ — ئاۋازىم بىردىنلا ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى.

— دەل سىزنى داۋاتىمەن، جېين. ماڭا مەنسۇپ بولسىڭىز، پۈتۈنلەي مەنسۇپ بولسىڭىزكەن، دەيمەن. خالامسىز؟ تېز «خالايمەن» دېسىڭىز!

ھاياجاندا ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، بۆرنى كۆچلۈك لىپىلداپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر نۇر چاقناپ كەتتى.

— جېين! — تولۇلدى ئۇ ھەم تەلۋىلەرچە قوشۇپ قويدى، — مېنى قوبۇل قىلىڭ. ئېدۋارد دەپ ئىسمىمنى ئۇدۇل چاقىرىڭ. ئېدۋارد، سىزگە تېگىشكە مەن رازى، دەڭ.

— راست دەۋاتامسىز؟ سىز راستتىنلا مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ سىز چىن كۆڭلىڭىزدىن مېنىڭ سىزگە خوتۇن بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلامسىز؟

— پۈتۈنلەي توغرا! قەسەم قىلىپ بەرسەم رازى بولىدىغان بولسىڭىز، ھازىرلا قەسەم قىلىپ بېرەي.

— ئۇنداق بولسا، ئەپەندىم، مەن سىزگە تېگىشنى خالايمەن.

— ئۇنداق بولسا بېرى كېلىڭ! پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز، يۈرىكىڭىز بىلەن بېرى كېلىڭ، — دېدى ئۇ يۈزىنى مېنىڭ يۈزۈمگە ياققان ھالدا پەس ئاۋازدا قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، — مېنى بەختلىك قىلىڭ، مەن سىزنى بەختلىك قىلىمەن.

—شۈكرى! — دېدى ئۇ يەنە، — مەن ئۇنىڭغا ئېرىشتىم، ھېچكىم ماڭا كاشىلا قىلمىغاي.

— ھېچكىم كاشىلا قىلمايدۇ، ئەپەندىم. مېنىڭ بۇنىڭغا ئارىلاشقىدەك تۇغقىنىممۇ يوق.

ئەتىسى ئەتىگەندە كىيىممنى كىيگەچ، تۈنۈگۈن كەچتە يۈز بەرگەن ئىشنى بىر قۇر ئويلاپ چىقتىم، بۇ بىر چۈشمۇ ـ نېمە، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم. تاكى روچېستېر ئەپەندىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتكە تولغان گەپلىرىنى، بەرگەن گۈزەل ۋەدىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم.

ئەتىگەنلىك تاماقنى زورلاپ بىرنەچچە چىشلەم يەپلا، ئالدىراپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقسام، ئادېير كىتابخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئىكەن.

— سىز يەنە نەگە بارىسىز؟ دەرس ئۆتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدىغۇ!

— روچېستېر ئەپەندى مېنى يەسلىگە بېرىۋەتتى.

— ئۇ قېنى؟

— ئۇ ئەنە، — دېدى ئادېير ھېلىلا ئۆزى چىققان ئۆينى كۆرسىتىپ.

ئۇ يەرگە كىرسەم، ئۇ ئۆزە تۇرغان ئىكەن.

— كېلىڭ، ماڭا «خەيرلىك ئەتىگەن» دەڭ، — دېدى ئۇ. مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. بۇ قېتىم مېنىڭ ئېرىشكىنىم سوغۇققىنە بىر ئېغىز سۆز، ياكى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويۇشلا بولماستىن، بەلكى قۇچاقلاش ۋە تاتلىققىنە سۆيۈش بولدى. ئۇنىڭ مېنى شۇنچە قىزغىن سۆيۈشىدىن مەن ئاجايىپ ئىللىقلىق ھېس قىلدىم.

— جېين، سىزنىڭ چىرايىڭىز نۇرلىنىپ، يۈزلىرىڭىزدىن كۈلكە يېغىپ، ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، — دېدى ئۇ ۋە قوشۇمچە قىلغان ھالدا، — پات ئارىدا سىز جېين روچېستېر بولىسىز، يەنە تۆت ھەپتىدىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ، بىر كۈنمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيمىز. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بۈگۈن ئەتىگەن مەن لوندوندىكى بانكا ۋاكالەتچىمگە، ئۇنىڭ ساقلىشىغا بېرىپ قويغان ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئەكېلىپ بېرىشنى تاپىلاپ خەت يازدىم.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تېگىگە تولۇق يېتەلمەي قالدىم، بۇ گەپلەر بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتكەندى.

بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بىرنەچچە سائەت ۋاقىت قالدى. توي كۈنى يېتىپ كەلمەكتە ئىدى، ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ بولدى. چامادانىمنى يىغىشتۇرۇپ تەخ قىلىپ قويدۇم. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، بۇ نەرسىلەر بىلەن مەن — جېين روچېستېر خانىم لوندوننىڭ يولىدا ساياھەت قىلىپ، بۇ يەردىن يىراقلىشىپ كېتىمەن. بۇ چامادانلارغا پەقەت ئادرېس بەلگىسىلا چاپلانمىغان ئىدى، ئۇ تۆت پارچە كىچىك چاسا قەغەز تارتمىدا يېتىپتۇ. روچېستېر ئەپەندى ئۇ قەغەزلەرگە ئۆز قولى بىلەن «لوندون × × مېھمانخانىسىدىكى روچېستېر خانىمغا تېگىدۇ» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ قويغانىدى.

روچېستېر ئەپەندى ناشتا قىلىش ئۈچۈن ماڭا 10 مىنۇتلا ۋاقىت بېرىپ، قوڭغۇراقنى باستى. يېڭى ياللانغان ئەر چاكار شۇئان يېتىپ كىردى.

— يوھان، هارۋىنى تەييارلاپ بولدۇڭمۇ؟

— تەييار بولدى، ئەپەندىم.

— يۈك ـ تاقنى ئېلىپ چۈشۈپ بولدۇڭمۇ؟

— ئېلىپ چۈشۈۋاتىمەن، ئەپەندىم.

—چېركاۋغا بېرىپ قاراپ باق، ئۇ يەردە باستىر ۋارد ئەپەندى بىلەن چاكىرى بارمىكىن، بولسا دەرھال

كېلىپ ماڭا خەۋەر قىل.

چاكار ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى.

— ۋارد ئەپەندى دىنىي مۇراسىم كىيىمىنى كىيىش ئۆيىدە كىيىم كىيىۋېتىپتۇ.

— چېركاۋغا ھارۋىدا بارمايمىز، قايتىپ كەلگىنىمىزدە تەخ بولۇپ تۇر. بارلىق يۈك ـ تاق، چامادانلارنى ھارۋىغا بېسىپ تېڭىپ، ھارۋىكەش تەييار بولۇپ تۇرسۇن.

— خوپ، ئەپەندىم.

ئورنۇمدىن تۇردۇم، يېنىمدا يا ئەر ـ ئايال قولداشلار، يا كۈتۈۋاتقان ياكى باشلايدىغان ئۆرۈق ـ تۇغقانلار يوق ئىدى.

بىز تېپتىنچ، ئاددىي ياسالغان چېركاۋغا كىردۇق، باستىر ئۇستىگە ئاپئاق مۇراسىم كىيىمى كىيىگەن ھالدا، پاكارغىنە مۇنبەردە بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، يېنىدا كاتىپى تۇراتتى. ھەممە نەرسە تېپتىنچ، پەقەت ئىككىلا سايە يىراق بۇلۇڭدا مىدىرلايتتى. مۆلچەرىم خاتا ئەمەس، بۇ ئىككى يات ئادەم بىزنىڭ ئالدىمىزدا كىرىۋېلىپ، شۇ تاپتا بىزگە ئارقىسىنى قىلغان ھالدا، روچېستېر جەمەتى قەبرىستانلىقى يېنىدا، رېشاتكا سىرتىدىن، ۋاقىت بەلگىسى سېلىنغان قەدىمكى مەرمەر قەبرىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ يەردە يۈكۈنگەن بىر پەرىشتە ئىچكى ئۆرۈش داۋامىدا مارستون چۆلىدە قازا قىلغان دىمول. د.

روچېستېر ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئېلىزابېتنىڭ سۆڭەكلىرىنى قوغداپ تۇراتتى.

بىز مۇنبەر توسىقىنىڭ ئالدىدا رۇسلىنىپ تۇردۇق. مەن كەينى تەرەپتە ئېھتىيات بىلەن بېسىلغان قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلاپ، ئۇ يات ئادەملەرنىڭ بىرسىنىڭ ھەقىقەتەن بىر مۆتىۋەر بولۇپ، مۇنبەرگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مۇراسىم باشلاندى، باستېر نىكاھنىڭ مەقسىتىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى سىرى ئاشكارىلىنىدىغان بولغاچقا، سىلەرمۇ جاۋاب قىلىسىلەر، مەن ئىككىڭلاردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەن ھەم بۇيرۇيمەنكى، ئەگەر ئاراڭلاردىكى بىرىڭلار ئىككىڭلارنىڭ قانۇنلۇق قوشۇلۇشىغا يول قويمايدىغان بىرەر توسالغۇ بارلىقىنى بىلسەڭلار، ھازىرلا ئېتىراپ قىلىڭلار. چۈنكى، پەرۋەردىگارنىڭ ئىجازىتىسىز بىرلەشكەنلەرنىڭ پەرۋەردىگار قوشقان ئەر ـ خوتۇن بولالمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ نىكاھى قانۇنسىز نىكاھ بولىدىغانلىقىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر.

ئۇ ئادەت بويىچە سۆزىنى توختاتتى. شۇ تاپتا، يېقىنلا بىر يەردىن ئېنىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— توينى داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، مەن بىر توسالغۇ بارلىقىنى جاكارلايمەن. مېنىڭ ئىسمىم برگس،

لوندوندا ئادۋوكات، مەن خانىمىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويمىسام بولمايدۇ. ئەپەندىم، سىز ئۇنى ئېتىراپ قىلمىسىڭىز، قانۇن ئېتىراپ قىلىدۇ.

برگىس ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن يانچۇقىدىن بىر هۆججەتنى ئېلىپ، جىددىي قىياپەتتە، ئېغىر دىماغ تاۋۇشى بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

*«مەن ئىسپاتلايمەنكى، × × يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، يەنى بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرىكى بىر كۈنى ئەنگلىيىنىڭ × × ئوبلاستىدىكى سانفىيلد قورۇقى ۋە × × ئوبلاست فېندىن قورۇقىدىكى ئېدۋارد فايىرفاكس روچېستېر مېنىڭ ئاچام، سودىگەر جوناس مازون ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى گرېئوللىق ئانتو ۋانتېنىڭ قىزى بىروسا ئانتوۋانېت مازون بىلەن يامايكىنىڭ ئىسپانىيە شەھەرىدىكى × × چېركاۋىدا نىكاھلانغان. توي قىلغانلىق خاتىرىسىنى مەزكۇر چېركاۋنىڭ تىزىملاش دەپتىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى مېنىڭ قولۇمدا. رىچارد مازون ئىمزاسى.»*

— ئەگەر بۇ هۆججەت راست بولسا، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئىلگىرى توي قىلغانلىقىمنىلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، ئەمما، ئايالىمنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

— بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇ هايات ئىدى، — دېدى ئادۋوكات رەددىيە بېرىپ.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— بۇ ئىشقا مېنىڭ گۇۋاھچىم بار، ئۇنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنى، ئەپەندىم، سىزمۇ ئاسانلىقچە رەت قىلالمايسىز.

— ئۇنى باشلاپ كېلىڭ! بولمىسا ئىشىڭىزنى قىلىڭ!

— هازىرلا چاقىرىپ كېلىمەن، ئۇ چىركاۋنىڭ ئىدە، مازون ئەپەندى، ئالدىغا مەرھەمەت قىلىڭ.

روچېستېر ئەپەندى بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغاچقا، غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ، ئۇنى تارتىشتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى سىزىپ تۇراتتىم. پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان يەنە بىر يات ئادەم بۇياققا كەلدى، ئۇ دەل مازون ئىدى.

باستىر مازونغا بۇرۇلۇپ، خۇشچىراي بىلەن:

— سىز بىلەمسىز، ئەپەندىم، بۇ ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تېخىچە هاياتمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دادىلراق بولۇڭ، — دېدى ئادۋوكات ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — ھەممىنى دەڭ.

— ئۇ هازىر سانفيېلد قورۇقىدا، — دېدى مازون ئوچۇق قىلىپ، — بۇ يىل 4 ـ ئايدا مەن ئۇنى كۆرگەن، مەن ئۇنىڭ ئىنىسى بولىمەن.

روچېستىر ئەپەندىنىڭ لەۋلىرى ياۋۇزلارچە كۈلكە-دىن قىيسىيىپ كەتتى.

— ياق، تەڭرىم! مەن بۇ ئىشنى، ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇنچە ئېھتىيات قىلىپ، كىشىگە بىلدۈرمەي كەلگەن-تىمغۇ؟! ماقۇل! خۇددى ملىتىقتىن ئېتىلغان ئوقتەك، ھەممىنى سۆزلەي. ۋارد، كىتابىڭنى ياپ، مۇراسىم كې-يىمىڭنىمۇ سېلىۋەت! بۈگۈن توي قىلمايمىز!

باستىر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. روچېستىر ئە-پەندى يۈزىنى قېلىن قىلىپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇستىلەپ توي قىلىش دېگەن بىر سەت گەپ! راست، مەن مەقسەتلىك ھالدا خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالدىم، بىراق، تەقدىر مېنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ئادۋوكات ۋە ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ گېپى راست. مەن توي قىلغان، مەن ئالغان ئايال تېخى ھايات! مەن بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى بىروسا مازون، مۇشۇ جەسۇر ئادەمنىڭ ئاچىسى. بىراق، بىروسا مازون بولسا بىر سارالڭ! بۇنى مەن توي قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بايقىغان. مەن ھەممىڭلارنى ئۆيۈمگە بېرىپ خوتۇنۇمنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن! شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ ئالدىنىپ قانداق بىر خوتۇننى ئېلىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ توي كېلىشىمىنى يىرتىۋېتىشكە ھەقلىق ياكى ھەقلىق ئەمەسلىكىمگە

ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭلار!

ئۇ چېركاۋدىن چىقىپ ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا، قو-لۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇچ ئەپەندى كەينىمىزدىن ئە-گەشتى.

بىز ئۇدۇل ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتۇق. روچېستېر ئەپەندى ھەممىلا قولۇپقا چۈشىدىغان ئاچقۇچى بىلەن بۇ پاكار ھەم قارا ئىشىكنى ئاچتى.

ئۇ تامدىكى پەردىنى قايرىغانىدى، يەنە بىر ئىشىك كۆرۈندى، ئۇنىمۇ ئاچتى. بۇ بىر دېرىزىسى يوق ئۆي ئىدى، ئۆيدە ئوت كۆيۈۋاتاتتى، ئوتنىڭ ئەتراپى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم مەش قاشاسى بىلەن قورشالغانىدى، تورۇسقا بىر چىراغ تۆمۈر زەنجىر بىلەن ئېسىلغانىدى. گراس پاۋىل ئوتقا قاراپ تۇراتتى. ئۆينىڭ يەنە بىر قا-راڭغۇ تەرىپىدە بىر سايە ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ يۈرەت-تى، ئۇ زادى ئادەممۇ ياكى ھايۋانمۇ، پەرق ئەتكىلى بول-مايتتى. ئۇ يەردە تۆت پۇتلاپ ئۆمىلەپ، خۇددى بىر غە-لىتە ياۋايى ھايۋاندەك بىرنەرسىلەرگە ئېسىلىپ ۋارقى-رايتتى، پەقەت ئۇنىڭ ئۈستىدە كىيىم بار ئىدى، خالاس. ئاق ئارىلاش، چۇۋۇلغان قارا چېچى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە يۆركەلگەنىدى.

— خەيرلىك سەھەر، پاۋىل خانىم، — دېدى رو-چېستېر ئەپەندى، — سالامەتمۇسىز؟ سىز قاراۋاتقان ئادەم بۈگۈن قانداقراق؟

كىيىم كىيگەن بىر ياۋا ئىت ياۋۇزلارچە ھۇۋلاپ تىك بولۇپ، ئارقا پۇتلىرىغا دەسسەپ ئۆرە تۇردى.

— ۋىيىەي، ئەپەندىم، ئۇ سىزنى كۆرۈپ قالدى! — دەپ ۋارقىرىدى گراس، — ياخشىسى، بۇ يەردە تۇرمالى.

— بىردەملا تۇرىمەن، گراس، مېنى بىردەم تۇرغىلى قويۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، پەخەس بولۇڭ، ئەپەندىم! پەرۋەردىگار ھەققىدە ئىنتايىن پەخەس بولۇڭ!

بۇ سارالى ھۇۋلىغىنىچە يۇزلىرىدىكى چاچلىرىنى قايرىپ، كىرگەن كىشىلەرگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— نېرى تۇرۇڭ، — دېدى روچېستېر ئەپەندى پاۋىل خانىمنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ، — ھازىر ئۇنىڭ قولىدا پىچاق يوقتۇ؟

— ئۇنىڭ قولىدا نېمە بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەپەندىم، ئۇ شۇنچە ھىيلىگەركى، ھەرقانچە ئېھتىيات قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ھىيلىسىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ.

— پەخەس بولۇڭ! — قاتتىق ۋارقىرىدى گراس. ئۈچ ئەپەندى ئىختىيارسىز كەينىگە چېكىندى. روچېستېر ئەپەندى مېنى كەينىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. سارالى شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ، يۈزىنى چىشلەشكە باشلىدى. ئىككىسى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ

ئېگىز بويلۇق ئايال بولۇپ، بويى ئېرى بىلەن تەڭ كېلىپ قالاتتى. ئۇ ئەر كىشىدەك كۈچلۈك بولغاچقا، روچېستېر ئەپەندىنىڭ تەنھەرىكەتچىلەردەك قامىتى بولسىمۇ، ئېلىشقاندا ئۇنى نەچچە قېتىم بوغۇپ قويغىلى تاس قالدى. روچېستېر ئۇنى بىر مۇشت بىلەنلا بويسۇندۇرۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇ ئېلىشىشقا رازى بولدىكى، قول سېلىپ ئۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ ئاخىر ھېلىقى ئايالنىڭ ئىككى بىلىكىنى تۇتۇۋالدى. گىراس ئۇنىڭغا بىر تال ئارغامچا سۇنۇپ بېرىۋىدى، روچېستېر ئۇ ئايالنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ، ئارغامچا بىلەن ئورۇندۇققا باغلاپ قويدى. باغلاپ بولغۇچە تەلۋىلەرچە ۋارقىراش ۋە شىددەتلىك قارشىلىق ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، روچېستېر ئەپەندى يېنىدىكىلەرگە زەھەرلىك كۈلۈپ قارىدى.

— مېنىڭ خوتۇنۇم شۇ، — دېدى ئۇ.

بىز ھەممىمىز چىقىپ كەتتۇق. بىنادىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، ئادۋوكات ماڭا:

— خېنىم، سىزنىڭ پۈتۈنلەي بىگۇناھ ئىكەنلىكىڭىز ئىسپاتلاندى، — دېدى ئۇ، — مازون ئەپەندى ماديىراغا قايتقاندىن كېيىن، تاغىڭىز ئاڭلىسا ناھايىتى خۇش بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن ھايات بولسىلا.

— تاغام! ئۇ قانداق بوپتۇ؟ سىز تونۇمسىز؟

— مازون ئەپەندى تونۇيدۇ. نەچچە يىلدىن بۇيان

ئېيىر ئەپەندى ئۆنىڭ خونسار سودا ئورنىنىڭ كونا خې-رىدارى بولۇپ كەلگەن. تاغىمىز خېتىمىزنى تاپشۇرۇۋې-لىپ، سىزنىڭ روچېستېر ئەپەندى بىلەن قوشۇلماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزدىن خەۋەر تاپقاندا، مازون ئەپەندى شۇ يەردىكەن. ئۇ يامايكىغا كېتىۋېتىپ، ئۆتەر يول ماديلا تاقىم ئارىلىدا دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئېيىر ئەپەندى مې-نىڭ بۇ هاۋالە قىلغۇچۇمنىڭ روچېستېر ئىسىملىك ئەپەندى بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇ توي ئىشىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان. تەسەۋۋۇر قىلىپ باق-سىڭىز بولىدۇ، مازون ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ هەم هەيران قالغان، هەم ئازابلانغان ـ دە، ئەينى ئەھۋالنى ئاشكارى-لىغان. ئەپسۇسكى، تاغىمىز هازىر كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ، ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قاپتۇ، كېسىلىمۇ شۇنداق ئېغىركەن، ساقىيالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ سىزنى تۇزاقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزى ئەنگلىيىگە كېلەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، مازون ئەپەن-دىدىن دەرهال تەدبىر قوللىنىپ، بۇ توينى توسۇشنى ئىلتىماس قىلدى هەم مېنىڭ ياردەم بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن تېزدىن قول سېلىپ بىر تەرەپ قىلدىم، شۈكرى، هەر هالدا كېچىكمەپتىمىز، سىزمۇ بىزگە ئوخشاش هېسسىياتتا بولۇۋاتقانسىز.

— بىز ماڭايلى، — ئۇلار روچېستېر ئەپەندى بىلەن خوشلىشىشنى ساقلاپ تۇرمايلا، زالنى كېسىپ ئۆتۈپ

مېڭىپ كەتتى. باستىر ئۆزىنىڭ دىنىي رايون تەۋەسى-
دىكى تەكەببۇر پۇقراسى بىلەن گەپلەشكىلى، نەسىھەت
قىلغىلى، ياكى ئەيىبلىگىلى قالغان ئىدى، بۇ مەسئۇ-
لىيەتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ كېتىپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇ چاغدا
مەن ھۇجرامغا قايتىپ كىرىپ، يېرىم يېپىقلىق ئى-
شىكنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتىم. خەقلەر كېتىپ، بىنا
بوش قالدى، مەن ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، باشقىلار كىرد-
ۋالمىسۇن دەپ، ئىشىكنى زەنجىرلىۋالدىم. ئاندىن كې-
يىن توي كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، تېخى تۇنۇگۈنلا، بۇ
ئاخىرقى قېتىم كىيگىنىم بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان
موناخلار كىيىمىنى يۆتكىۋالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن بەدىنىم ھېرىپ ھالىدىن
كەتكەندەك ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇندىلا، مەن پىكىر يۈر-
گۈزۈشكە باشلىدىم.

چۈشتىن كېيىنلا، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۆز ـ ئۆ-
زۈمدىن:

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سورىدىم.

كۆڭلۈم ماڭا: «دەرھال سانفيېلد قورۇقىدىن كەت!»
دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ شۇنداق تېز، شۇنداق قورقۇنچلۇق
جاۋاب بولدىكى، ئالدىراپ قۇلىقىمنى ئېتىۋالدىم. ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ قەددىمنى رۇسلىغان چېغىمدا، بېشىم
قېيىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى تاماق يېمىگەنلىكىم، بىرەر

پارچە گۆش، بىر تېمىم سۇنىمۇ ئاغزىمغا سالمىغانلىـ-قىمنى ئېسىمگە ئالدىم. ئىشىكنى ئېچىپ، سىرتقا چىقتىم. روچېستېر ئەپەندى ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ.

— سىز ئاخىر چىقتىڭىز، — دېدى ئۇ، — ۋاي - ۋۇي، سىزنى ناھايىتى ئۇزاق ساقلىدىم، ئۆي ئىچىنى تىڭشاپ باقسام، بىرەر قېتىممۇ يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭ-لىمىدىم. گۆرىستانلىقتەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئە-گەر يەنە بەش مىنۇتقىچە چىقمىغان بولسىڭىز، مەن ئوغرىدەك ئىشىكنى بۇزۇپ كىرگەن بولاتتىم. سىز مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماقچىمۇ؟ ئۆزىڭىز يالغۇز سو-لىنىپ ئولتۇرۇپ ئازاب چەكمەكچىمۇ؟! مەن سىزنىڭ چىقىپ، مېنى قاتتىق بىر تىللىشىڭىزنى خالايتتىم، سىز ئاسان ھاياجانلىناتتىڭىزغۇ، ئەسلىدە، سىزنى راسا بىر غەلۋە چىقىرىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم. جېين، مېنى بىرەر ئېغىزمۇ ئەيىبلىمەمسىز؟ مېنى ئەپۇ قىلامسىز؟

مەن شۇ تاپتا، شۇ يەردىلا ئۇنى ئەپۇ قىلدىم. ئەمما مەن گەپ قىلمىدىم، پەقەت كۆڭلۈمدىلا ئەپۇ قىلدىم.

— سىز مېنى بىر مۇتتەھەم ئەبلەخكەن، دەپ ئوي-لاپ قالدىڭىزمۇ جېين؟

— شۇنداق، ئەپەندىم. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە ئۆزگەردى، مەنمۇ ئۆزگىرىشىم كېرەك، بۇنىڭدا شەك

يوق. ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇشىدىن ساقلىنىشىنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئادېيرگە باشقا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىش، ئەپەندىم.

— ئادېيرنى مەكتەپكە بېرىمەن، بۇنى ئورۇنلاشتۇ-رۇپ قويدۇم. جېين، سىز بۇ يەردە تۇرمىسىڭىز، مەنمۇ بۇ يەردە تۇرمايمەن. سانفىيلدتا جىن بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، سىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ خاتا قىلدىم. پاۋىل خانىمغا بىر يىلدا 200 فوندستېرلىڭ بېرىپ، سىز ئۇنى مېنىڭ خوتۇنۇمكەن دەپ ئاتاۋاتقان قورقۇنچلۇق ئالۋاستى بىلەن بىللە تۇرغۇزىمەن. گراس نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى خالايدۇ، شۇنداقلا گراس يىغىۋېلىش ئورنىدا دەرۋازىۋەن بولۇۋاتقان ئوغلىنى ئەكېلىپ ھەمراھ قىلىسىمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلسا، خوتۇنۇمنىڭ كېسىلى قوزغالغاندا، گراسنىڭ قېشىدىمۇ ياردەمچىسى بولىدۇ.

— ئەپەندىم، — مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەت-تىم، — ئۇ بىچارە بەختسىز ئايالغا سىز ھەقسىقەتەن شەپقەتسىزلىك قىلىپسىز، سىز ئۇنى تىلغا ئالسىڭىزلا، چىش - تىرنىقىڭىزغىچە ئۆچلۈك قىلىدىكەنسىز، زادى سىغىشالمايدىكەنسىز، ئۇنداق قىلسىڭىز بەك رەھىم-سىزلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇۋالمىغان-دۇ؟

ئۇ يەنە مېڭىشقا باشلىدى، بىراق، تېزلا مېنىڭ ئالدىمدا توختىدى.

— جېين! مېنىڭ سەۋەبىمنى تىڭشاشنى خالامسىز؟

— ئولتۇرۇڭ، سىز قانچىلىك سۆزلەشكۈڭىز بولسا، مەن شۇنچىلىك سۆزلىشىمەن، مەيلى دېگەنلىرىڭىز يوللۇق بولسۇن ـ بولمىسۇن، مەن ھەممىنى ئاڭلايمەن.

—جېين مەن پەقەت بىرنەچچە مىنۇتلا سۆزلەيمەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن تۇنجى ئوغۇل ئەمەس، مېنىڭ يەنە بىر ئاكام بار ئىدى. دادام پۇلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بارلىق مۈلكىنى ئاكام روللاندقا بەرمەكچى بولدى، ئەمما مەندەك بىر ئوغلىنىڭ گاداي بولۇپ كېتىشىگىمۇ چىدىمىدى. شۇڭا ئۇ، پۇلدار بىر ئائىلىنى تېپىپ مېنى ئۆيلەپ باي قىلماقچى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ماڭا لايىق تېپىپتۇ. ئۇنىڭ مازون ئەپەندى دەيدىغان بىر كونا تونۇشى غەربىي ھىندىستاندا تېرىقچىلىق قورۇقىنىڭ خوجايىنى ۋە سودىگەر ئىكەن. ئۇ قىزىغا 30 مىڭ فوندستېرلىڭ مال ـ مۈلۈك بېرەلەيدىكەن ھەم بېرىشنى خالايدىكەن. مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈشۈمگىلا، ئۇلار مېنى يامايكىغا، مەن ئۈچۈن پۈتۈشۈپ قويغان كېلىننى ئالغىلى ماڭدۇردى. دادام ئۇ ئايالنىڭ پۇلى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. پەقەت ئىسپانىيە شەھىرىدىكى مازون خېنىمنىڭ ساھىبجامال قىز ئىكەنلىكىنىلا ئېيتتى، بۇ يالغان ئەمەس ئىدى. مەن تېخى كىچىك، نادان،

تەجرىبىسىز بولغاچقا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپ يۇرۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن تويىمۇ بولدى. مەن كېيىن-نىڭ ئاپىسىنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم، ئۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولاپ قويۇلغانىكەن. بۇ ئىشلار دادام بىلەن ئاكام رولاندقا بەش قولدەك ئايان ئىكەن، ئەمما ئۇلار پەقەت 30 مىڭ فوندستېرلىڭنىلا كۆزلەپ ئې-غىز - بۇرۇن يالىشىپ، مېنى ئوتقا ئىتتىرىپتۇ.

مەن ئايالىمدىن ئاغرىنماسلىقىم كېرەك. مەن ئۇ-نىڭ مىجەزىنىڭ مېنىڭكى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدى-غانلىقىنى بايقىدىم، ئۇنىڭ ھەۋىسى مېنىڭ ئۆچلۈكۈم-نى كەلتۈرەتتى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى چاكىنا، پەس، تار ئىدى. ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى، كەڭرەك پەللىگە يۈكسەلدۈرۈش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇ ئايال بىلەن بىنادا تۆت يىل بىللە تۇردۇم، تۆت يىل ئىچىدە ئۇ مېنى جېنىمدىن جاق تويغۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى يامان تەرەپكە قاراپ قورقۇنچلۇق سۈرئەتتە تېزدىن تە-رەققىي قىلىپ، بارغانسېرى پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ يامان خۇيى زادى تۈگىمەيتتى، يەنە كېلىپ، شۇ قەدەر ئېغىر ئىدى. بروسا مازون مېنى زورلاپ، قور-قۇنچلۇق ئازاب دېڭىزىغا ئېلىپ كىردى. مەن ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم.

بۇ ئارىلىقتا ئاكام ئۆلۈپ كەتتى، تۆت يىلدىن كې-يىن داداممۇ ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ مەن

بىيىپ كەتتىم، شۇنداقلا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك نامرات ئىدىم. مەن ھەر قانداق قانۇن تەرتىپى بويىچىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالدىم. چۈنكى، دوختۇرلار ئۇ چاغدا خوتۇنۇمنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى. ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشىمىز ئۇنىڭ كېسەللىكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتكەن ئىدى. ئۆزۈمنى ئېتىۋالماقچى بولدۇم، لېكىن بۇ خىيال پەقەت كاللامدىلا چاقناپ ئۆتتى، چۈنكى، مەن تېخى ئېسىمنى يوقاتمىغانىدىم.

كېيىن، مەن ئۇنى ئەنگلىيىگە قايتۇرۇپ كەلدىم، مۇشۇنداق بىر غەلىتە مەخلۇق بىلەن كېمىدە ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر سەپەرنى باشتىن كەچۈردۈم. لېكىن ئاخىر ئۇنى سانفىېلدقا قايتۇرۇپ كېلىۋالدىم ـ دە، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى ئۆيگە مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ ئاجايىپ خۇش بولدۇم. ئۇنى كۆتىدىغان ئادەم ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولدۇم، مەن بىر سادىق، ئىشەنچلىك ئادەم تېپىشىم كېرەك ئىدى. ئاخىردا مەن گرىموسبىي يىغىۋېلىش ئورنىدىن گراس پاۋلىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. پەقەت گراس بىلەن تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى كارت، يەنى مازون پىچاق يېگەن كېچىسى ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭغان ھېلىقى ئادەم — پەقەت مۇشۇ ئىككىيلەنلا كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى بىلىدۇ، ئۇنىڭدا گەرچە قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا

مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىلا دائىم كۆرۈلىدىغان ئىللەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئوبدان بىر قارىغۇچى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرنەچچە قېتىم بىخەستەلىك قىلىپ چاتاق چىقار-دى. بۇ سارائ ھەم ھىيلىگەر، ھەم زەھەر خەندە، ئۇ تۈرلۈك ئامالالار بىلەن پۇرسەت تېپىپ، قارىغۇچىنىڭ بىردەملىك بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىدۇ. بىر قېتىم ئۇ يوشۇرۇنچە پىچاق ئېلىپ ئۇكىسىغا سالدى، ئىككى قېتىم كېچىلىك ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تېپىۋېلىپ، كېچە-سى ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇ مېنىمۇ كارىۋاتتا كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولدى.

— ئەمىسە، ئەپەندىم، — دەپ سورىدىم مەن شۇ-ئان، — سىز ئۇ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز نېمە قىلدىڭىز؟ نەگە كەتتىڭىز؟

— مەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كەتتىم. مەن ئۆزۈم سۆيىدىغان، ياخشى، ئەقىللىق بىر ئايالنى تاپ-ماقچى بولدۇم. مېنىڭ بىرىنچى بولۇپ تاللىغىنىم سېلىنا ۋالېنس ئىدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئىتالىـ-يىلىك گاشىنتا بولدى؛ ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن بولسا، گېرمانىيىلىك كىلارا ئىدى. ھەر ئىككىسى تەڭداشسىز گۈزەل ئايالالار دەپ قارىلاتتى، لېكىن بىرنەچچە ھەپتە-دىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ گۈزەل چېھرىنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بار؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

— قىرولۇق سوغۇق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، چۈشتىن كېيىن مەن ئاتلىق قايتىپ كەلدىم. مەن ھاي كەنتىنىڭ يولىدا ناھايىتى ئەدەپلىك، مۇلايىم بىر كىچىك قىزچاقنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ كىچىك قىزچاقنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن كۆڭلۈم ماڭا بېشارەت بەرمىدى. ھەتتا مىسىرو ھادىسىگە ئۇچراپ، بۇ كىچىك قىزچاق ئەدەپ بىلەن كېلىپ ماڭا ياردەملەشكەندىمۇ، مەن تېخى ئۇنى بىلمەيتتىم. مەن قوپاللىق بىلەن بىھۆرمەتلىك قىلدىم، ئەمما بۇ قىزچاق كەتمەي، يېنىمدا تۇراتتى، ئۇ شۇنداق جاھىل ئىدىكى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋە تەلەپپۇزىغا قارىشى تۇرغىلى بولمايتتى. ماڭا بىرسىنىڭ ياردىمى لازىم بولۇۋىدى، ياردەمگە ئېرىشتىم.

— مەن ئاشۇ نازۇك مۇرىگە تايانغىنىمدا، مەلۇم بىر خىل يېڭى نەرسە، مەلۇم بىر خىل يېڭى ھاياتىي كۈچ تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمغا ئاستا ئېقىپ كىردى. شۇ ئاخشىمى سىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىدىم. جېين، گەرچە مېنىڭ سىزنى سېغىنغانلىقىمنى، كۆزىتىۋاتقىنىمنى بىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، لېكىن مەن سىزدە بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا تامامەن يېڭى بىر خاراكتېر بار ئوخشايدۇ دەپ قىياس قىلدىم. مەن ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تەلتۆكۈس چۈشىنىشنى خالايتتىم. مەن سىزنىڭ

كۆڭۈلـگىزدە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى خالايدىغانـ
لىقىڭىزنى، لېكىن ئاشۇ تىنچ سىنىپ، مەنىسىز تۇرـ
مۇشىنىڭ سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىـ
كىنى كۆرۈپ يەتتىم. مەن سىزگە دوستانە مۇئامىلە
قىلىشنى خالايتتىم. دوستلۇق ناھايىتى تېزلا سىزنىڭ
ھېسسىياتىڭىزنى قوزغىدى، چىراي ئىپادىڭىز مۇلايىمـ
لىشىپ كەتتى، ئاۋازىڭىز يېقىملىقلاشتى. شۇ چاغدا،
مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن تىل
بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئازاب ۋە چۈشكۈنلەشـ
كەن غېرىبلىق ئىچىدە ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىمنى
ئۆتكۈزگەنىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا، تۇنجى قېتىم ئۆزۈم
ھەقىقىي سۆيىدىغان كىشىنى تاپتىم، ئۇ سىز ئىدىڭىز،
شۇڭا مەن سىزنى نىكاھىمغا ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم.
مېنى خوتۇنى بار دېيىش ئۇ پەقەت قۇرۇق مەسخىرىدىنلا
ئىبارەت، خالاس. مېنىڭ پەقەت بىر ئالۋاستىم بار. مەن
ئەسلىدە غەلىبە قىلىشىمغا ئىشەنچىم كامىل بولغاندىن
كېيىنلا، ئاندىن تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ھەقىقىي ئەھـ
ۋالنى ئاشكارىلىماقچى بولغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر
توخۇ يۈرەكلىك ئىدى. مەن سىزگە تۇرمۇشۇمدىكى
دەردىمنى توغرىدىن ـ توغرىلا ئېيتىشىم كېرەك ئىدى.
جېين، ئەمدى سىز دەپ بېقىڭا.

مەن بىر مەيدان ئېغىر سىناقنى باشتىن كەچۈرـ
دۈم، ئۇتتەك قىزىق بىر جۈپ تۆمۈردەك چىڭ قول

مېنىڭ جان تومۇرۇمنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. بىر ئې-چىنىشلىق سۆز مېنىڭ چىدىغۇسىز مەسئۇلىيىتىمنى ئىپادىلەپ شۇنداق دېمەكتە ئىدى—«كەت!»

— مەن كېتىمەن، ئەپەندى.

— سىز مېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق.

— سىز ماڭا تەسەللىي بېرىشنى، مېنى قۇتۇلدۇ-رۇۋېلىشنى خالىمامسىز؟

ئۇ بۇرۇلۇپ، ئۆزىنى دېۋانغا تاشلىدى.

— ئاھ، جېين! مېنىڭ ئۇمىدىم! مېنىڭ مۇھەببە-تىم! مېنىڭ ھاياتىم!

تۈن نىسبىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن، سۈبھى يې-تىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن قاراڭغۇدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ شىلەپەمنى، پەلتويۇمنى كىيىپ، نەرسىلىرىمنى ئالدىم-دە، ئاستا ئۆيدىن چىقىپ چوڭ يولغا كەلدىم ھەمدە قولۇمدىكى بار-يوقى 20 شىللىڭنى خەجلەپ، شىمالغا ماڭغان بىر ئۇزۇن يوللۇق ئات ھارۋىسىغا چىقتىم.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. يازنىڭ بىر كەچقۇرۇن-لۇقى، مەن ۋېتكىلوستا ھارۋىدىن چۈشتۈم. ھازىر ھە-قىقەتەن بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق ئىدى.

ۋېتكىلوستا پەقەت بىر تاش تۈۋرۈك تۆت كوچا ئاغزىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى: تۈۋرۈكنىڭ چوققىسىدا

تۆت دانە يول كۆرسەتكۈچ بەلگە بولۇپ، شۇ بەلگىدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە، بۇ كېسىشىش نۇقتىسىغا ئەڭ يېقىن ناھىيە بازىرى 10 ئىنگلىز چاقىرىم، ئەڭ يىرىقى 20 ئىنگلىز چاقىرىم كېلەتتى. مۇشۇ تونۇش ئىسىملارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، قايسى ئوبلاستتا ھارۋىدىن چۈشكەنلىكىمنى بىلدىم. بۇ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىغىراق جايلاشقان بىر ئوبلاست بولۇپ، دالىلىرى سۇرلۇك، قات ـ قات تاغ ـ ئېدىرلار بىلەن قاپلانغانىدى.

مەن گىرىمسەن كۆرۈنگەن قاقاس ئېدىرلىقنىڭ چوققىسىدىن تارتىپ، ئەڭ چۆلدەرەپ قالغان مەنزىرە ئىچىدە غايىب بولغان چۆللۈكنىڭ چېتىنى بويلاپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. بۇ چاغدا، يىراقتىكى سازلىق ۋە تاغ قاپتىلىدا غۇۋا كۆرۈنگەن بىر يورۇقا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ مېنى كەڭ كەتكەن سازلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، يانتۇلۇق ئارقىلىق تاغقا باشلاپ چىقتى.

سازلىقنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، چۆلدە ئاپئاق سوزۇلۇپ ياتقان بىر يول كۆرۈندى، مەن ئۇ تەرەپكە ماڭدىم. ئۇ ئۇدۇل يورۇق چىقىۋاتقان يەرگە تۇتىشىدىغان چىغىر يول ئىدى. ئوخشاش بىر ئاق نەرسە ئالدىمدا پارقىراپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇ بىر ئىشىك، بىر ئايلانما ئىشىك ئىكەن، مەن تېگىشىمگىلا ئۇ پىرقىراپ كەتتى.

ئىشىكتىن كىردىم، ئالدىمدا بىر ئۆينىڭ يان تەرەپ سايىسى پەيدا بولدى، ئۇ ھەم قاراڭغۇ، ھەم پاكار، ئەمما

ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. مەن بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئىشىكنى ئىزدىدىم، ئۇ يەردە دوستانە چىراغ نۇرى يەنە يورۇدى، ئۇ نۇر ناھايىتى كىچىك پەنجىرىگە ئورنىتىلغان ئەينەكتىن چىقىۋاتاتتى، ئېگىلىپ، دېرىزىنى توسۇۋالغان قويۇق شاخلارنى قايرىدىم، دېرىزە ئەچىدىكى ھەممە نەرسە ئەمدى ئېنىق كۆرۈندى.

ئۆي ئىچىدە مەش ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بىر توپ ئادەم مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى. نازاكەتلىك، ئېسىلزادە خېنىم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ياش ئىككى قىزنىڭ بىرى پاكارغىنە تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا، يەنە بىرى تېخىمۇ پاكار بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا قارىلىق تۇتقان بولۇپ، ئېغىر قارىلىق كىيىمى كىيىۋالغانىدى، قارا رەڭلىك كىيىم ئۇلارنىڭ ئاپئاق بويىنى بىلەن يۈزىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. يوغان بىر تايغان تەڭداشسىز يوغان خاپان بېشىنى قىزلارنىڭ بىرىنىڭ ئېتىكىگە قويغانىدى. يەنە بىر قىزنىڭ ئېتىكىدە بىر قارا مۈشۈك ياتاتتى.

بۇ ئاددىيغىنە ئاشخانا ئىچىدە مۈشۈنداق ئىككىيلەننىڭ تۇرۇشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. ئۇلار كىمدۇ؟ ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ چوڭ ياشلىق ئادەمنىڭ قىزلىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ناھايىتى تومپاي كۆرۈندۇ، قىزلار بولسا ناھايىتى لاتاپەتلىك، تەربىيە كۆرگەن قىزلاردەك قىلىدۇ.

ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، بۇ ھەربىر چىراي ماڭا ناھايىتى تونۇش بىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى چوڭ-قۇر ئويغا پاتقاندەك، بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكچىدە يوغان ئىككى توم كىتاب تۇراتتى. ئۇ ئىككىسى بۇ كىتابلارنى خۇددى قولىدىكى كىچىك كىتاب بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتقاندەك، خۇددى لۇ-غەت ئاختۇرۇۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىرنېمىنى تەرجىمە قىلىۋاتقاندەك تىنماي ۋاراقلايتتى. بۇ يەر ئاجايىپ جىمجىت ئىدى، ئاخىر، ئاۋاز بۇ غەلىتە جىمىلىقنى بۇ-زۇۋەتتى.

—قارا، دىئاننا، — دېدى كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئو-قۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، — فرانس بىلەن قېرى داننىر كىچىدە بىللە بوپتۇ. فرانس ئەمدىلا چۈشىدىن ئويغىنىپ، چۈشىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. قۇلاق سال! ئۇ ناھايىتى پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى، لېكىن مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، چۈنكى، ئۇ بىر يات تىل بولۇپ، فرانسۇز تىلىمۇ، لاتىن تىلىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۇنان تىلى ياكى نېمىس تىلى ئىكەنلى-كىگە بىرنېمە دېيەلمىدىم.

— قالتىس سۆزلەپتۇ، — دېدى ئۇ ئوقۇپ بو-لۇپ، — مەن ئاجايىپ ھوزۇرلاندىم.

باياتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سىڭلىسىنىڭ ئوقۇغى-نىنى تىڭشىغان قىز بۇ چاغدا ئوتقا تىكىلگىنىچە،

باياتىن ئوقۇلغان بىر قۇرنى تەكرارلاپ چىقتى:

«مۇشۇ چاغدا بىر كىشى چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى يۇلتۇزغا تولغان كېچە ئاسمىنىغا ئوخشايتتى.»

— قالتىس تەسۋىرلەپتۇ! قالتىس! — ئۇنلۇك ۋارقىراپ كەتتى ئۇ قايقارا، ئويچان كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ.

«ئالدىڭدا دەل كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ھالدا غۇۋا، ئەمما ئۇلۇغۋار بىر پەرىشتە مەزمۇت تۇرۇپتۇ!»

— بۇ بىر قۇرى 100 بەتلىك ھەشەمەتلىك ماقالىنىڭ ۋەزنىدىن كۆپ ئۇستۇن تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

«مەن غەزەپ تارازىسىدا ئۆزۈمنىڭ ئىدىيەمنى ئۆلچەپ چىقتىم، غەزەپ تارازىسىنىڭ تېشى بىلەن ھەردىكىتىمنى ئۆلچەپ چىقتىم.»

مەن مۇشۇنداق دېگەننى ياقتۇرىمەن!

ئىككىيلەن يەنە جىمىپ كەتتى.

— قايسى دۆلەتنىڭ ئادەملىرى مۇشۇنداق سۆزلەيدىكەن؟ — موماي قولىدىكى ئىشىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى.

— بار، خاننا، ئەنگلىيىدىن كۆپ چوڭ بىر دۆلەتتىكى كىشىلەر مۇشۇنداق گەپ قىلىدۇ.

— ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلار ئۇ يەرگە

بېرىپ قالساڭلار ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەمسىلەر؟
— خاننا، بىز نېمىسچىنى بىلمەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇغەتتىن پايدىلانمىساق ئوقۇپمۇ چۈشىنەلمەيمىز.
— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى بار؟
— كۆنلەرنىڭ بىرىدە نېمىس تىلىدىن دەرس بېرىپ قالساق ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاساس نەرسىلەرنى ئوقۇتۇپ قالساق، ھازىرقىدىن كۆپرەك پۇل تاپارمىزمىكىن دەيمىزغۇ!
— بەلكىم شۇنداق بولۇر، ئەمما، بولدى قىلىڭلار، بۈگۈن بەك كۆپ ئوقۇپ كەتتىڭلار.
— مېنىڭچىمۇ كۆپ ئوقۇپ كەتتۇق، ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ ھېرىپ قالدۇق، مارى سەنچۇ؟
— بەك ھېرىپ كەتتىم، بىر تىلنى ئوقۇتقۇچى يوق ئەھۋالدا، پەقەت لۇغەتكىلا تايىنىپ توختىماي ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنمەك بەك جاپالىق ئىشكەن.
— شۇنداق، بولۇپمۇ، نېمىس تىلىدەك مۇنداق چۈشىنىش قىيىن ھەم پارلاق تىلنى دېگىنە، سان يوھان قاچانمۇ قايتىپ كېلەر؟
— قايتىپ كېلەي دەپ قالدى، سائەت ئەمدى 10 بوپتۇ، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر ئالتۇن سائەتنى چىقىرىپ قاراپ.

— يامغۇر بەك قاتتىق يېغىۋاتىدۇ، خاننا، مېھمانخانىدىكى ئوتقا قاراپ باققىنە، ئوبدان كۆيۈۋاتامدىكىن؟

ئۇ ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. سىرتتىن ماشىنا غۇۋا بىر كارىدور كۆرۈندى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدە ئوتنى كوچىلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ تېزلا قايتىپ كىردى.

— ئاھ، بالىلار، — دېدى ئۇ، — شۇ تاپتا نېرىقى ئۆيگە كىرسە ئادەمنى بەكلا بىئارام قىلىدىكەن. ئۇ ئورۇندۇقلار بوش ـ بىكار تۇرسا، بوران ئۇچۇپ تۇرغاندەك بىلىنىدىكەن.

ئۇ پەشتامىسى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. جىددىي كەيپىياتتا ئولتۇرغان ئىككى قىزنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

—ئەمما، ئۇ تېخىمۇ ئوبدان يەرگە كەتتى، — دېدى خاننا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھېچكىم ئۇنىڭدەك خاتىرجەم ئۆلۈمدە ئۆلۈپ باققان ئەمەس.

— ئۇنى ئەزەلدىن بىزنى تىلغا ئېلىپ باقمىدى، دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى قىزلارنىڭ بىرى.

— ئۆلگۈرەلمىدى، بالىلار، داداڭلار بىردىنلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئالدىنقى كۈندىكىدەك بىرئاز ئاغرىپ تۇردى، ئەمما، ئېغىر ئەمەس ئىدى. سان يوھان ئەپەندى ئۇنىڭدىن ئادەم ئەۋەتىپ سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلارنى چاقىرىپ كېلەيلىمۇ دېگەنىدى، ئۇ تېخى زاڭلىق قىلىپ كۈلگەنىدى.

ئەتىسى، ئۇنىڭ بېشى بىر ئاز ئېغىرلىشىپ قالدى، بۇ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بولغان ئىش ئىدى، ئۇ ئۇخلى-غىلى كىرىپ كېتىپ شۇ ئۇخلىغانچە، قايتا ئويغانمى-دى.

ھەر ئىككى خېنىمنىڭ ئۆگى ئاپئاق، قامىتى زىلۋا ئىدى. ھەر ئىككىسىلا چېچەن، كېلىشكەن قىزلار ئىدى. ئەلۋەتتە، بىرسىنىڭ چېچى يەنە بىرسىنىڭكىدىن قې-نىقراق ئىدى، چاچ پاسونىمۇ ئوخشىمايتتى. مارىينىڭ سۇس قوڭۇر رەڭ چېچى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، سىلىق ئۆرۈلگەنىدى؛ دىئانانىڭ قېنىق قارا چېچى بۇدۇر قىلىپ تارىلىپ، بوينىنى يېپىپ تۇراتتى. سائەت 10 غا قوڭغۇراق چالدى.

—كەچلىك غىزا يېگۈچىلار كەلگەندۇ، — دېدى خاننا، — سان يوھان ئەپەندى قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، تاماق يەيدۇ.

ئۇ تاماق تەييارلىغىلى ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئىككى خېنىم ئورنىدىن تۇردى، ئۇلارمۇ مېھمانخانىغا چىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بىلەن سىلىشتۇرغاندا مې-نىڭ ئەھۋالىم تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، تېخىمۇ ئۇمىد-سىز ئىدى. ئۆيدىكى كىشىلەرنى مالال قىلىپ ماڭا غەمخورلۇق قىلىشنى، يەنە سەرسان بولۇپ كەتمەسلى-كىم ئۈچۈن ئۇلاردىن پۈت قويغۇدەك جاي بېرىشنى تە-لەپ قىلىشىم كېرەك. سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئىشىك

ئالدىغا كەلدىم ـ دە، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئىشىكنى چەكتىم. خاننا ئىشىكنى ئاچتى.

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — ئۇ قولىدىكى شامنىڭ يورۇقىدا ماڭا سىنچىلاپ قاراپ، ھەيرانلىق بىلەن سو-رىدى.

— خېنىملار بىلەن پاراڭلاشسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سىز نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ماڭا دەپ بېرىڭ، سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— مەن ياقا يۇرتلۇق.

— مۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدى-ڭىز؟

— تاشقىرىقى ئۆيدە بولامدۇ بىرەر يەردە بىر كېچە قونۇۋالسام، بىرەر چىشلەم بولكا سوراپ ئېلىپ يەۋالسام بولاتتى.

خانناڭ چىرايىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن سىزگە بىر پارچە بولكا بېرەي، لېكىن بىز سەرگەردانلارنى قوندۇرالمايمىز، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ.

بۇ سەمىمىي، ئەمما جاھىل مالاي ئىشىكنى «گۈپ!» قىلىپ يېپىپ زەنجىرلەپ قويدى.

ئەمدى تازا نەس باسىدىغان بولدى.

—ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئوخشايدۇ، —

دېدىم، مەن، — خۇداغا ئىشىنىمەن، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى جىمجىت كۈتۈپ تۇرسام بولغۇدەك.

— ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، — يېقىنلا يەردىن بىر ئاۋاز چىقتى، — ئەمما، ھەممىلا ئادەمنىڭ پېشانىسىگە چوقۇم سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا، ۋاقىتسىز ئۆلۈۋېلىش پۈتۈلمىگەن، مۇبادا سىز مۇشۇنداق ئاچلىق. تىن ئۆلۈپ كەتمەكچى بولسىڭىز.

— كىم؟ گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدىم مەن. بىر سايە يېقىنلا يەردە تۇراتتى، كېچە قاپقاراڭغۇ ۋە كۆزۈم ئاجىزراق بولغاچقىمىكىن، ئۇنى پەرقلەندۈ. رەلمىدىم. بۇ يېڭى كەلگەن كىشى ئىشىكنى ئۇزاققىچە قاتتىق قاقتى.

— سىزمىدىڭىز، يوھان ئەپەندى؟ — دەپ توۋلىۋەتتى خاننا.

— مەن شۇ، شۇ! ئىشىكنى تېز ئېچىڭ.

— ھوش، خاننا! بۇ ئايالغا بىر ئېغىز گەپ قىلى. ۋالاي، سىز ئۇنى تالادا قويۇپ مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلىپ بولدىڭىز، ئەمدى مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىمەن. مەن ياندا تۇرۇپ، سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىڭىزنى ئاڭلى. دىم. بۇ ناھايىتى ئالاھىدە ئەھۋالدەك قىلىدۇ، ھېچ بول. مىسا، مەن ئەھۋالنى سوراپ ئۇقۇپ باقاي.

مەن ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىچكىرىگە

قاراپ ماڭدىم. كۆپ ئۆتمەيلا پاكىز، يورۇق ئاشخانىغا كىرىپ قالدىم. پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ، ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدىم. شامال ـ يامغۇردا قېلىپ، كەيپىياتىم قالايمىقانلىشىپ، قىياپىتىم ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بو-لۇپ قالغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. ئىككى خېنىم، ئۇلارنىڭ ئاكىسى سان يوھان ئەپەندى ۋە قېرى چاكار ھەممىسى ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— يوھان، بۇ كىم؟ — ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ مۇ-شۇنداق سورىغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— مەنمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمەن، ئىشىك تۈۋىدە يە-قىلىپ قاپتىكەن، — دېدى ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ.

— راستىنلا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپ-تۇ، — دېدى خاننا.

— ئۆلۈكتەك كۆكىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى قارشى تەرەپ، — ئۇ يىقىلىپ كېتىدۇ، ئولتۇرغۇزۇپ قويايلى.

يىقىلىپ چۈشتۈم، لېكىن بىر ئورۇندۇققا چۈشتۈم، شۇ تاپتا گەپ قىلالمىساممۇ، لېكىن خېلىلا سەگەك ئىدىم.

— ئازراق سۇ ئىچسە ئېسىگە كېلىپ قالارمىكىن. خاننا، سۇ ئېلىپ كېلىڭ. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالماپتۇ!

— ئۇ ئاغرىپ قاپتۇمۇ يا قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىپتۇمۇ؟

— قورسقى بەك ئېچىپ كەتتىمكىن. خاننا، ئۇ سۇتمۇ؟ ئۇنىڭغا بېرىلك، يەنە بىر پارچە بولكا بېرىلك.

مەن بولكىنى شۇئان ئېچىرقىغان ھالدا يېيىشكە باشلىدىم.

— سىڭلىم، ھازىر ئۇ گەپ قىلالامدىكىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ بېقىڭ.

گەپ قىلغۇچىلىكىم بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈم جاۋاب بەردىم:

— ئىسمىم جېين ئېيرلوت، — مەن بالدۇرلا يالغان ئىسىم قوللانماقچى بولغاندىم.

— قەيەردە تۇرىسىز؟ دوستلىرىڭىز قەيەردە؟

بېشىمنى چايقىدىم.

— ئۆزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

شۇ تاپتا تېنىم بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە، سۆزلەپ بېرەلمەيتتىم، بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەپەندىم، بۈگۈن كەچتە سىزگە تەپسىلىي سۆز-لەپ بېرەلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— خاننا، — دېدى ئاخىر سان يوھان ئەپەندى، — مارى، دىئاننا، مېھمانخانىغا چىقىپ، بۇ ئىش توغرىسىدا ئوبدان پاراڭلىشايلى.

ئۇلار چىقىپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەن خاننانىڭ ياردىمىدە بىرنېمىلەر قىلىپ يۇرۇپ تېزلا پەلەمپەيدىن چىقىپ ھۆل كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ، ئىللىق،

قورۇق كارىۋاتتا يېتىپ قالدىم. تېزلا ئۇخلاپ قالغى-
نىمنى تۇيماپتىمەن.

تۈتىنچى كۈنىگە كەلگەندىلا، مەن گەپ قىلالايدىغان
ۋە قوزغىلالايدىغان بولدۇم ھەمدە سالاسۇنغا تايىنىپ،
تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئاشخانىغا كىردىم.

خاننا بولكا پىشۇرۇۋاتقان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ
كۈلۈپ كەتتى.

— نېمە، تۇرۇۋالدىڭىزما؟ — دېدى ئۇ، — ئەمسە
ياخشىراق بولۇپ قاپسىزدە. خالىسىڭىز مەش يېنىدىكى
ئورۇندۇقۇمدا ئولتۇرۇڭ.

ئۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. مەن ئولتۇردۇم.
ئۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار بىلەن تېنەپ يۈرۈپ، تۇ-
رۇپ ـ تۇرۇپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويۇپتتى.
ئۇ دوخوپكىدىن بولكىنى ئېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز سورى-
دى:

— بۇ يەرگە كەلمەستە تىلەمچىلىك قىلامتىڭىز؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى، لې-
كىن ئاچچىقلىسام بولمايدىغانلىقىنى، قانداقلا دېگەنبى-
لەن ئۇنىڭ ئالدىغا قەلەندەردەك ھالەتتە پەيدا بولغىنىم-
نى ئويلاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم،
بىراق، تەلەپپۇزۇم بىلىنەرلىك قاتتىق ئىدى.

— مەن ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولى-
دۇ، لېكىن، بۇ ئۆينىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى

ماڭا دەپ بېرىڭ؟

— بەزىلەر سازلىق قورۇق دەپ ئاتايدۇ. سان يوھان ئەپەندى بۇ يەردە تۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆزىنىڭ دىنىي رايونى موردوندا تۇرىدۇ. ئۇ بىر باستىر. بۇ يەر ئۇنىڭ دادىسىنىڭ تۇرالغۇسى. قېرى رىۋېرس ئەپەندى بۇ يەردە تۇراتتى، سان يوھان بۇ ئەپەندىنىڭ دىنىي نامى، سىڭىللىرىنىڭ ئىسمى دىئاننا ۋە مارى رىۋېرس. ئۇلار-نىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىل-گىرى ئۇچۇنۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. خانىم ئۆلۈپ كەتكىلى كۆپ يىللار بولدى. مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى 30 يىل بولدى، ئاكا ـ سىڭىل ئۇچەيلەننى مەن چوڭ قىلغان.

مەن ئۇنىڭدىن ئىككى خېنىم بىلەن ئاكىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدىم.

— موردونغا سەيلە قىلىپ كەتتى، يېرىم سائەت ئىچىدە چاي ئىچكىلى كېلىدۇ.

ئۇلار خاننا دېگەن ۋاقىتتا قايتىپ كېلىپ، ئاشخانا ئىشىكىدىن كىردى. سان يوھان ئەپەندى مېنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى خېنىم توختاپ قالدى. مارى تەمكىنلىك بىلەن بىر-نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ، مېنىڭ ساقىيىپ بىنادىن چۈشەلىگۈدەك بولغانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتتى. دىئاننا قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى چايقىدى.

— سىز مەن رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن بىنادىن چۈشسىڭىز بولاتتى، — دېدى ئۇ، — چىرايىڭىز تېخىچە تاتىرىپ تۇرۇپتۇ. بىچارە قىز! بۇ يەردە نېمىمۇ قىلىدىغانسىز؟ بۇ سىز تۇرىدىغان يەر ئەمەس. سىز دېگەن مېھمان، مېھمانخانىغا كىرسىڭىز بولىدۇ.

— راست دەيدۇ، — ئاچىسى قوشۇپ قويدى، — كېلىڭ، گەپ ئاڭلاڭ.

ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— سىز ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — ئۇ مېنى دىۋانغا جايلاشتۇرۇپ قويدى.

ئۇ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، مېھمانخانىدا سان يوھان ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇراتتى.

سان يوھان ئەپەندى 28 ـ 30 ياشلار ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ بويى ئېگىز، كۆزلىرى يوغان، كۆپكۆك بولۇپ، كىرپىكلىرى جىگەر رەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز پېشانىسى ئېگىز ھەم كەڭ بولۇپ، بىرنەچچە تال ساپسېرىق چېچى ئۇستىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— ماڭا ياردەم كېرەك، — دېدىم مەن، — ئىزچىل ياردەم ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن، ئەپەندىم، بىرەر ھەقىقىي ساخاۋەت ئىگىسىنىڭ ماڭا ئۆزۈم قىلالىغۇدەك بىرەر خىزمەت تېپىپ بېرىشىنى، ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىم

بىلەن ئېرىشكەن ھەق ئارقىلىق جېنىمنى بېقىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، پەقەت كىيىم ـ كېچەكىم، قورسىقىمغا يەتكۈدەك ھەق بەرسىمۇ رازى بولاتتىم.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ساخاۋەتچى ياكى ئە- مەسلىكىمنى بىلمەيمەن. ئەمما، سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز شۇنداق يوللۇق ئىكەن، سىزگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشنى خالايمەن. ئۇنداق بولسا ماڭا دەڭا، سىز ئىلگىرى نېمە ئىش قىلغان، نېمە ئىش قىلالايسىز؟

— مەن يېتىم بالا، بىر باستىرنىڭ قىزى ئىدىم. مەن تېخى ئىسمىنى بىلمەستە ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەت- كەن. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان، كېيىن بىر خەير ـ ساخاۋەت ئورنىدا تەربىيىلەندىم. مەن ھەتتا، بۇ ئورۇننىڭ نامىنىمۇ دەپ بېرەلەيمەن، ئۇ × × ئوب- لاستىنىكى روئود خەير ـ ساخاۋەت مەكتىپى. ئۇ يەردە ئالتە يىل ئوقۇغۇچى، ئىككى يىل ئوقۇتقۇچى بولدۇم. بۇ نامنى سىز چوقۇم ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك. رېۋېرس ئەپەندى، بروكرخوست باستىر ئۇ يەرنىڭ باشلىقى ئىدى.

— بروكرخوست ئەپەندىنى ئاڭلىغان، ئۇ مەكتەپكى- مۇ بارغانىدىم.

— مەن روئودتىن كېتىپ، بىر يىلغا يېقىن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. ناھايىتى ياخشى ئىش تاپقانىدىم ھەم ناھايىتى خۇشال ئۆتكەنىدىم. بۇ يەرگە كېلىشتىن تۆت كۈن بۇرۇن، ئۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدىغان

بولۇپ قالدى. كېتىش سەۋەبىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن ھەم ئېيتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، ئېيتىپ بەرسەممۇ، ئۇنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ، خەتەر يېتىشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئىشەنمىشىمۇ قىيىن. لېكىن، مېنىڭ ئەيىبلەنگۈدەك يېرىم يوق. قېچىپ كېتىشنى پىلانلىغان ۋاقتىمدا، مەن پەقەت تېز بولۇش ۋە مەخپىي بولۇشقىلا ئەھمىيەت بەردىم. شۇنىڭ بىلەن يانچۇقۇم قۇپقۇرۇق ھالدا بۇ يېقىن ئەتىراپقا كېلىپ قالدىم.

— سىز ئىسمىڭىزنى جېيىن ئېيرلوت دېدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— مەن شۇنداق دېگەنىدىم، ئەمما، بۇ ھەقىقىي ئىسمىم ئەمەس، ئۆزۈمگىمۇ يات ئاڭلىنىدۇ.

ئەمما، سان يوھان بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆتكۈر نەزەر بىلەن قاراپ، ئالدىرىماي سوراشقا باشلىدى.

— سىز بىزنىڭ مېھماندوستلۇقىمىزغا ئۇزاق مەزگىل نائىل بولۇشنى خالىمايۋاتىسىز، مەن سىزنىڭ سىڭلىمنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىدىن، بولۇپمۇ مېنىڭ سەدىقەمدىن تېزرەك قۇتۇلماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى چۈشىنىمەن، — ئۇنىڭ بۇنداق تەكىتلەشلىرى دەرھال سەزگۈرلۈكۈمنى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن خاپا بولۇپ كەتمىدىم، سىز تېزدىن مۇستەقىل بولۇپ، بىزگە

يۆلەنمەسلىكنى ئويلاۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن، — مەن شۇنداق دېدىم. ماڭا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى ياكى قانداق قىلسام بىرەر ئىش تېپىپ قىلالايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرىڭ، شۇ تاپتا، ماڭا شۇلا لازىم. ئاندىن كېيىن، مەن كېتىمەن، ئەڭ ئاددىي گەپ بولسىمۇ مەيلى. ماشىنىچىلىق قىلالايمەن، ئاددىي ئايال ئىشچى بولسامۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى يوھان ئەپەندى ناھايىتى سوغۇقلا، — مەن سىزگە مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە، ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ياردەم قىلاي.

بۇ چاغدا ئۇ يەنە داۋاملىق كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى. مەن دەرھال چىقىپ كەتتىم.

سازلىق قورۇقىدىكىلەرنى چۈشەنگەنسېرى ئۇلارغا ئامراق بولۇپ قالدىم. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، سالامەتلىكىم ياخشىلىنىپ، كۈن بويى ئولتۇرالايدىغان بولدۇم، بەزىدە چىقىپ ئايلىنىپ كىرەلەيتتىم. مەن دىئاننا بىلەن مارىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالايدىغان بولدۇم، ئۇلار قانچىلىك ئۇزاق پاراڭلىشىشنى خالىسا، ئۇلار بىلەن شۇنچە ئۇزاق پاراڭلىشاتتىم، پەقەت ئۇلار ئىككىسى رۇخسەت قىلسىلا خالىغان ۋاقىت، خالىغان يەردە ئۇ ئىككىسىگە ياردەملىشەتتىم.

ئۇ ئىككىسى مېنىڭدىنمۇ بىلىملىك، ئوقۇغان

كىتابلىرى تېخىمۇ جىققەن. دېئاننا ئۆزلۈكىدىن ماڭا نېمىس تىلى ئۆگەتمەكچى بولدى، مەن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئىككىسى مېنىڭ رەسىم سىزالايدىغانلىقىمنى بىلىپ، دەرھال قېرىنداش قەلەملەر بىلەن بوياقلارنى ماڭا بەردى. پەقەت مۇشۇ ئىشتىلا مەن ئۇلارنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇردۇم ھەم مەپتۇن قىلىۋالدىم. كېيىن بېرىپ، ئۇلار مەندىن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. بىرنەچچە ھەپتە خۇددى بىرنەچچە كۈندەكلا تېز ئۆتۈپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى، دېئاننا بىلەن مارى يېقىندا سازلىق قورۇقىدىن ئايرىلىپ، ئۇ ئىككىسىنى كۈتۈپ تۇرغان، مۇتلەق ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش مۇھىتىغا، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر مودا شەھەردە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. سان يوھان ئەپەندى ماڭا تېپىپ بەرمەكچى بولغان خىزمەت ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سورايدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟ — دېدى.

— شۇنداق، مەن ئىشلىگۈدەك خىزمەتنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭىزمىكىن، شۇنى سورىماقچىدىم.

— ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى سىزگە خىزمەت تېپىپ قويغانىدىم، سىزنىڭ مەن تېپىپ بەرگەن ۋەزىپىنى

قوبۇل قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ.

— چۈشىنىشلىكرەك دەڭە، — مەن يەنە سۆيلىدىم.

— چوقۇم چۈشىنىشلىك دەپ بېرىمەن. ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، موردوندا مەكتەپ يوق ئىدى. مەن ئوغۇللارغا بىر مەكتەپ ئاچتىم. ھازىر مەن قىز باللارغا ئايرىم بىر مەكتەپ ئېچىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. مۇشۇ مەقسەتتە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئال-دىم، ئۇنىڭغا يانداش ئۆينى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتى-قى قىلدىم، ھەر يىلىغا 30 فوندستېرلىڭ مائاش بېرى-لىدۇ. ئۇ ئۆيلەرنىڭ جابدۇقلىرى تەل، ئاددىيراق بولسى-مۇ، ئىشلىتىشكە يېتىدۇ. بۇ ياخشى ئىشنى ئولىۋېر خېنىم قىلدى، ئۇ دىنىي رايونىمىزدىكى بىردىنبىر باي ئايال، ئۇ تاغ جىلغىسىدىكى يىڭنە زاۋۇتى بىلەن تۆ-مۈرچىلىك زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى ئولىۋېر ئەپەندىنىڭ يالغۇز قىزى. سىز مۇشۇنداق بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بو-لۇشنى خالامسىز؟

— تەكلىپىڭىزگە رەھمەت، رىۋېرس ئەپەندى. بۇ خىزمەتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

— سىز قاچاندىن باشلاپ ۋەزىپىڭىزنى ئادا قىلالاي-سىز؟

— ئەتىلا تۇرىدىغان جايىمغا بېرىپ، سىز خالىسى-ڭىز كېيىنكى ھەپتىدىلا ئوقۇش باشلايمەن.

— ناھايىتى ياخشى، شۇنداق بولسۇن.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا چىقىپ كەتتى.

ئاكىسى ۋە يۇرتى بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشقانسېرى، دىئاننا بىلەن مارى رىۋېرسلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتاتتى.

مۇشۇ چاغدا، كىچىككىنە بىر كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. سان يوھان خەت ئوقۇغاچ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— يوھان تاغام ۋاپات بوپتۇ، — دېدى ئۇ.

ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى تۈرۈپلا قالدى، لېكىن، يا چۆچۈپ كەتمىدى، يا ھەيران قالمىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ خەۋەر ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئازابلانمىغاندەك قىلاتتى.

— ۋاپات بوپتۇ؟ — تەكرارلىدى دىئاننا.

— ھەئە.

— ئۇ بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ئاكىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلگەن ئىدى.

— داۋامىچۇ؟ — پىچىرلاپ سورىدى ئۇ.

سان يوھان خەتنى ئۇنىڭ ئىتىكىگە تاشلىدى. ئۇ خەتنى مۇنداقلا بىر قۇر ئوقۇپ، مارىغا بەردى. مارى خەتنى ئۈنچىقماي تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، خەتنى يەنە ئاكىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئۈچەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ كېتىپ، كۈلۈمسىرىدى، زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى.

— ئامىن! بىز يەنە ياشىيالايمىز، — دېدى دىئاننا ئاخىر.

— نېمىلا دېگەنبىلەن، بۇ بىزنى بۇرۇنقىدىن يامان ھالغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، — دېدى مارى.

سان يوھان خەتنى قاتلاپ تارتمىغا سېلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتقىچە ھېچكىم گەپ قىلمىدى. ئاندىن دىئاننا مەن تەرەپكە بۇرۇلدى.

— جېين، سىز بىزگە ۋە بىزنىڭ مەخپىيەتلىكىمىزگە ئەجەبلىنىۋاتقانسىز، — دېدى ئۇ، — شۇنداقلا بىزنى بەك ئىچى يامانكەن، تاغىسىدەك مۇشۇنداق بىر يېقىن تۇغقىنى ئالەمدىن ئۆتسىمۇ قايغۇرمىدى، دەۋاتىدىغانسىز. لېكىن، بىز ئەزەلدىنلا ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم ئۇنى بىلمەيمىز. ئۇ ئاپامنىڭ ئۇكىسى. خېلىلا بۇرۇن، دادام ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان. دادام ئۇنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن كۆپ قىسىم مۈلكىنى تەۋەككۇل قىلىپ بىر سودىغا دەسمايە سالغانىكەن، كېيىن ۋەيران بوپتۇ. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇلار بىر-بىرىنى ئەيىبلەپ، غەزەپتىن ئادا-جۇدا بولۇشۇپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن زادى ياخشىلاشماپتۇ. تاغام كېيىن بىرنەچچە كارخانىغا مەبلەغ سېلىپ، غايەت زور بايلىققا ئېرىشتى. ئۇ 20 مىڭ فوندستېرلىڭدەك بايلىق توپلىدى. ئۇ توي قىلمىغان، يېقىن تۇغقانلىرىدىن

پەقەت بىز ئۈچ جىيەنى ۋە يەنە بىر ئادەم بار، ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا بىزچىلىكمۇ يېقىن ئەمەس. بۇ خەتتە ئۇ بىزگە بىر پېنىس پۇلىنىمۇ قالدۇرماي، يەنە بىر تۇغقىنىغا قالدۇرغانلىقىنى يېزىپتۇ. بۇ بىزنى رەنجىتمەي قالمايدۇ. مارى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىرىمىزگە 1000 فوندىستېرلىڭدىن تەگسىلا ناھايىتى باي بولدۇق دەپ قارىغان بولاتتۇق، مۇشۇنچىلىك پۇل سان يوھانغا تەگكەن بولسا، ئۇ پۇلنىڭ ناھايىتى قىممىتى بولغان بولاتتى، ئۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولاتتى.

ئەتىسى مەن سازلىق قورۇقىدىن ئايرىلىپ، موردونغا باردىم. ئۆگۈنلۈكى دېئاننا بىلەن مارى بۇ يەردىن ئايرىلىپ، يىراقتىكى × × شەھەرگە كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن رىۋېرس ئەپەندى خاننانى ئېلىپ باستىرلىق تۇرالغۇسىغا كەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، قەدىمىي سازلىق قورۇقىدا ھېچكىم قالمىدى.

بۈگۈن ئەتىگەن كەنت مەكتىپىدە ئوقۇش باشلاندى. مېنىڭ 20 سەبىي ئوقۇغۇچۇم بار بولدى. بۇ تۆرەلمەلەرنى بىخلاندۇرۇپ، ئۆستۇرۇپ يېتىلدۇرۇش مېنىڭ بۇرچۇم ئىدى.

روساموند ئولىۋېر مەكتەپكە دائىم كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتە، چۈشتىن بۇرۇن كېلەتتى. ئۇ دائىم رىۋېرس ئەپەندى دىنىي ئەخلاقتىن سوئال ــ جاۋاب دەرسىنى ئۆتىدىغان ۋاقىتتا كېلەتتى. ئەتىمالىم، بۇ ئايال

زىيارەتچىنىڭ نەزەرى بۇ ياش باستىرنىڭ قەلبىگە ئۆت-كۈر قالدالغان بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى بى-لەتتى. گەرچە سان يوھان خرىستىئان دىنىنىڭ زاھىد-لىق قارىشىغا ئىشەنسىمۇ، ئەمما ئۇ ئايال ئۇنىڭغا يې-قىن كېلىپ سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ خۇشخۇي، ئىلھام بەخش، ھەتتا ئىشقىۋازلىق بىلەن كۈلگەن ۋاق-تىدا، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كېتەتتى.

ئۇ ئايال بىردىنلا ماڭا يېقىنچىلىق قىلىشقا باش-لىدى، مېنى رىۋېرس ئەپەندىگە ئوخشايدىكەنسىز، دېدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئايال ئادەتتىكىدەك كىچىك بالىغا ئوخشاش جىم تۇرالماي، بىر تەرەپتىن خالىغى-نىچە، ئەمما چىشىمغا تەگمەي ئۇنى-بۇنى سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىچىك ئاشخانا ئۆيۈمنىڭ تام تۈۋى ۋە ئۇستەل تارتمىلىرىنى چۆرگىلەپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال ئىككى پارچە فرانسۇزچە كىتابنى، شىللېر-نىڭ بىر توملۇق ئەسىرىنى، بىر نېمىس تىلى گراماتىكا لۇغىتىنى تېپىۋالدى، كېيىن يەنە مېنىڭ رەسىم سىزىش قورال لىرىم بىلەن بىرنەچچە پارچە تېز سىزما رەسىمىنى تېپىۋالدى، ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ باش سۈرىتى بىلەن موردون جىلغىسى ۋە ئۇنىڭ ئەترا-پىدىكى دالىنىڭ مەنزىرە سۈرىتى ئىدى، ئاۋۋال ئۇ

ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، كېيىن خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى.

— سىز سىزغانمۇ؟ سىز فرانسۇز ۋە نېمىس تە-لىنى بىلەمسىز؟ سىز نېمە دېگەن سۆيۈملۈك! سىز ھەقىقەتەن كارامەتكەنسىز! سىز س × × بازىرىدىكى بىرىنچى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدىنمۇ ياخشى سىزد-دىكەنسىز. مېنىڭ بىر پارچە رەسىمىمنى سىزىپ بې-رەمسىز، ئاپىرىپ دادامغا كۆرسىتەتتىم؟

— خۇشاللىق بىلەن خالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن. مۇشۇنداق نۇقسانسىز، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان مودېلغا قاراپ رەسىم سىزىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، سەنئەتكارلارغا خاس خۇشاللىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىت-رەپ كەتتى. ئۇ قېنىق كۆك رەڭلىك يىپەك كىيىم كىيىۋالغانىدى، بىلەك ۋە بويۇنلىرى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بىردىنبىر بېزىكى بولغان تەبىئىي بۇدۇر زىغىر رەڭ چاچلىرى چىرايلىق دولقۇنلاپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە چېچىلىپ تۇراتتى. مەن بىر پارچە نەپىس ئىشلەنگەن قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىزناسىنى سىزىپ چىقتىم. ئۆزۈم ئۇنىڭغا رەڭ بېرىشتىن ھۇزۇرلانماقچى بولدۇم — دە، كەچ كىرىپ قالدى، باشقا بىر كۈنى كېلىپ سىز-دۇرارسىز، دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدۇم.

ئەتىسى ئاخشىمى ئولىۋىر ئەپەندى بىللە كەپتۇ. ئۇ روسامونىدنىڭ تېز سىزما رەسىمىنى كۆرۈپ ناھايىتى

خۇشال بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. مەن رەسىم سىزىش تاختىسى ۋە قەلەملىرىمنى ئېلىپ، روساموند ئولىۋېرنىڭ پورتېرتىنى تاماملىماقچى بولدۇم. ئىشنىڭ بىر پەس جىددىي چېكىلىپ، سان يوھان رىۋېرس ئەپەندى كىرىپ كەلدى.

—سىزنىڭ دەم ئېلىش كۈنىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باققىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ، — سىز رەسىم سىزىسىڭىزلا زېرىكمەيدىكەنسىز دە. قاراڭا سىزنى، مۇشۇ كۈنگىچە ناھايىتى ئوبدان بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن بولسىڭىزمۇ، مەن سىزنى يەنىلا زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، كەچتە ئوقۇش ئۈچۈن بىر كىتاب ئالغاچ كەلدىم.

ئۇ ئۇستەلگە يېڭى نەشىردىن چىققان بىر كىتابنى قويدى، ئۇ بىر شېئىرلار توپلىمى ئىدى. مەن ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۆرۈۋاتقىنىمدا، سان يوھان ئېگىشىپ مەن سىزغان رەسىمنى كۆرگىلى تۇردى.

— بۇ رەسىم ئوخشاپتۇمۇ؟ — ئۇدۇللا سورىدىم مەن.

— ئوخشاپتۇ! كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى تازا زەن سالماپتىمەن.

— سىز زەن سېلىپ قارىدىڭىز، رىۋېرس ئەپەندى.

ئۇ مەلۇم بىر خىل ئىككىلىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، — ئولىۋېر خېنىمغۇ دەيمەن، — دەپ جاۋاب

بەردى.

— ئەلۋەتتە، ئەپەندىم، سىزنىڭ توغرا تاپقانلىقـ-ىڭىزنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، سىزگە بۇ رەسىمنىڭ نە-پىس، توغرا كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تەييارلاپ بېرەي، پەقەت سىز بۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلىشنى ماقۇل كۆر-سىڭىزلا.

مۇشۇ چاغدا ئۇ ئوغرىلىقچە كۆزىنى يۇتكەپ، خا-تىرجەمسىزلىك بىلەن ماڭا قاراپ قويدى ـ دە، رەسىمنى سىنچىلاپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئوماق ئىكەن، — دېدى ئۇ پىچىر-لاپ، — ئۇ ئىسمىنى دۇنيانىڭ ئەتىر گۈلى، دەپ قويغان بولسا، ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق كەلگەن بو-لاتتى.

—سىزگە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رەسىمدىن بىرنى سىزىپ بېرەيمۇ؟

— مەقسەت نېمە؟ سىزمايلا قويۇڭ!

ئۇ بىر پارچە نېپىز قەغەز بىلەن رەسىمنى يېپىپ قويدى. بۇ قەغەزنى ئادەتتە رەسىم سىزغان ۋاقتىمدا رە-سىم قەغىزىنى پاسكىنا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن قو-لۇمنىڭ ئاستىغا قوياتتىم. ئۇ توساتتىن بۇ ئاق قەغەز-دىن بىرنەرسىنى كۆرۈپ قالغاندەك قىلدى. لېكىن، زادى نېمىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئەمما، نېمە-دۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى بولغاي، قەغەزنى

شارتلا قىلىپ تارتىپ ئېلىپ، قەغەزنىڭ چەتلىرىگە قا-
راپ بېقىپ، ئاندىن ماڭا بىر قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قا-
راشلىرى شۇنداق ئاجايىپ، شۇنداقلا چۈشىنىكسىز ئىد-
دى، خۇددى مېنىڭ پىگۇرۇم، چىرايىم ۋە كىيىم – كې-
چەكمىنىڭ ھەربىر ئىنچىكە يەرلىرىنى سۇرەتكە تار-
تىۋالىدىغاندەك كۆرۈندى. ئۇ چاقماقتەك تېز ھەم ئۆتكۈر
نەزەر بىلەن شۇنداقلا بىر قاراپ ئۆتتى. ئۇ بىرنەرسە
دەيدىغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ قالدىيۇ، يەنە ئاغزىنىڭ
ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

— ھېچ ئىش يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپ، قەغەزنى
قويۇپ قويدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ چاققانلىق بىلەن قەغەز-
نىڭ چېتىدىن بىر قىيىقچە يىرتىۋېلىپ، پەلىيىنىڭ
ئىچىگە سېلىۋالغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئالدىراپ –
تېنەپ باش لىڭشىتىپ، «خوش!» دەپلا كۆزدىن غايىب
بولدى.

ئۇ ئەتىسى يەنە كەلدى. مېنىڭ كەچۈرمىشىم ھەق-
قىدە، مېنىڭ روچېستېر قورۇقىدىن كېتىشىمنىڭ
سەۋەبى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ
توغرىلىقىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ بەئەينى بىر پىشقان
خۇسۇسىي رازۋېتچىك بولۇپ، بۇ ئىشلارنى بىر كۈندىلا
تەكشۈرۈپ چىققاندەك بىلىندى.

ئۇ تۈنۈگۈن يىرتىۋالغان قەغەزنى چىقاردى، شۇ

چاغدىلا، ئۇنىڭغا ئويلىمايلا قارا سىياھ بىلەن جېيىن ئېير دەپ يېزىپ قويغانلىقىمنى كۆردۈم.

ئۆزۈمنىڭ جېين ئېير ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

مەن ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىككى ئىشنى ئېيتتى:

بىرى، ئالدىنقى كۈنلەردە ئۇ تاپشۇرۇۋالغان ھېلىقى خەت توغرىسىدا ئىدى. خەتنى تاغامنىڭ ئادۋوكاتى برىگىس يازغانىدى، ئۇ تاغامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ھەم بارلىق مال ـ مۈلكىنى ماڭا قالدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىكەن. بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ قىممىتى 20 مىڭ فوندستېرلىڭچە بار ئىكەن. دېمەك، مەن بېيىپ كەتكەنىدىم! يەنە بىرى، مەن ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشكەن، يەنى مەن سان يوھان ئاكا ـ سىڭىللار بىلەن نەۋرە قېرىنداشلار بولىدىكەنمىز! ئۇلارنىڭ ئاپىسى مېنىڭ ھاممام بولىدىكەن.

بۇ 20 مىڭ فوندستېرلىڭ ھەققىدە، مەن ئويلاپ ئولتۇرمايلا، بىز تۆت قېرىنداشنىڭ ھەربىرىگە بەش مىڭ فوندستېرلىڭدىن تەقسىم قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

مەن تاغامنىڭ ئادۋوكاتى برىگىس بىلەن تېزلا ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدىم.

هازىر پەقەت بىرلا ئىش زادىلا خىيالىمدىن كەتمەي، مېنى ئارامىدا ئۇخلىغىلى قويماياۋاتاتتى، مېنىڭ باشقا بارلىق ئىشلار ئۈستىدىكى ئوي-پىكرىمنى چېچىۋەتمەكتە ئىدى. روچېستېر ئەپەندى هازىر قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ مەن تېزدىن سانفېيلدقا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. دىئاننا بىلەن مارىيە ئاچا-سىڭىل ئىككىسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمغا قويدۇم.

هەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولدى، ئەتە مېنىڭ سانفېيلد قورۇقىغا قاراپ يولغا چىقمەن، خىياللىرىم چىگىشلىشىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم.

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشىگە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سازلىق قورۇقىدىن ئايرىلدىم.

بۇ سەپەرگە 48 سائەت ۋاقىت كەتتى. پەيتۇن يول بويىدىكى بىر مېهمانساراينىڭ ئالدىدا توختىدى. مەن بۇ يەرنىڭ ئەهۋالىنى بىلەتتىم، شۇڭا، مەنزىلگە يېقىنلاشقانلىقىمغا ئىشەندىم.

— سەپىرىم ئاخىرلاشتى، — دېدىم مەن ئىچىدە ئۆز-ئۆزۈمگە، مەن پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشۈپ، يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، سۈبهىدىكى شەپەق نۇرى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان، ئالتۇن هەل بېرىلگەن «روچېستېر» دېگەن مېهمانساراي ۋىۋىسكىسىغا كۆزۈم

چۈشۈپ قالدى ـ دە، ھاياجاندىن يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ كەتتى. ئەسلىدە مەن خوجايىنىنىڭ تەۋەسىگە كىلىپ قاپتىمەن. مەن مېھمانسارايدىن بىر ھۇجرا ئىزىملىتىپ قويۇپ، قورۇققا قاراپ چاپتىم.

مەن تارتىنىش ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن ھەشەمەت-لىك تۇرالغۇغا قارىدىم. كۆزۈمگە كۆيۈپ كەتكەن خارا-بىلىك كۆرۈندى. مەن خارابىلىكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، خاراب بولغان تۇرالغۇنىڭ ئىچىگە كىردىم.

«ئەجەبا، ئۇ دېم. د. روچېستېرنىڭ كەينىدىن مەر-مەر تاشتىن قوپۇرۇلغان تارغىنا ئۆيدە پاناھلانغىلى كەتكەنمىدۇ؟» دەپ سورىدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن.

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تېپىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تېزدىن مېھمانسارايغا قايتىپ كەل-دىم. مېھمانخانا خوجايىنى مېھمانلىق ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇنى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئولتۇرۇشقا تەك-لىپ قىلدىم. مەن ئۇنىڭدىن گەپ سورىماقچى ئىدىم، خوجايىن بىر ئابرۇيلۇق ئوتتۇرا ياش ئادەم ئىدى.

— سىز سانفىيلد قورۇقىنى ئەلۋەتتە بىلەر-سىز؟ — ئاخىر ئاغزىمنى ئېچىپ سورىدىم مەن.

— ھە، ياق! ئۇ يەردە ھېچكىم تۇرمايدىغان بولۇپ كەتتى، قارىسام سىز بۇ يەرگە ناتونۇش ئوخشاي-سىز، بولمىسا، بۇلتۇر كۈزدە يېرىم كېچىدە يۈز بەرگەن

ئىشتىن خەۋىرىڭىز بولاتتى. سانفىيېلد قورۇقى ئۇ-زۇل-كېسەل خاراب بولدى، تەخمىنەن كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا كۆيۈپ كەتتى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئاپەت بۇ! شۇنچە كۆپ پۇلغا يارايدىغان مال-مۈلۈكلەر ھېچنې-مىسى قالماي كۆيۈپ كەتتى. ئۇ مەنزىرە بەك قورقۇنچ-لۇق بولدى! ئۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— تۇن كېچە! — دەپ غۇدۇرىدىم مەن، راست، ئۇ سانفىيېلد قورۇقىدا ھالقىلىق پەيت، قانداق بولۇپ ئوت كەتكىنىنى بىلەمسىز؟

— سىز ئېھتىمال بىلمەيدىغانسىز، — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى پەس ئاۋازدا، — بىر ساراڭ ئايال بىر ئۆيگە سولاپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇ قاتتىق بېخىلدىكەن. بىر-نەچچە يىللار بولدى، سىرتتىكى ئادەملەر بۇ يەردە مۇن-داق بىرسى بارلىقىنى بىلمەيتتى. كىشىلەر ئۇنى ئېد-ۋارد ئەپەندى چەت ئەلدىن ئېلىپ كەپتۇ دېيىشسە، بەزىلەر ئۇنى ئۇنىڭ ئاشنىسىكەن، دېيىشەتتى. ئەمما، بىر يىل ئىلگىرى بىر غەلىتە ئىش يۈز بەردى، ئەسلىدە ئۇ روچېستېر ئەپەندىنىڭ خوتۇنى ئىكەن ئەمەسمۇ! بۇنىڭ بايقىلىشىمۇ ئاجايىپ غەلىتە بولدى. قورۇقتا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرغان بىر ياش خېنىم بار ئىدى، ئېدۋارد ئەپەندى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. روچېستېر ئەپەندى 40 ياش ئەتراپىدا ئىدى، بۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى

بولسا تېخى 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىكەن. روچېستېر ئەپەندى ئۇنى ئەمىرىگە ئالماقچى بوپتۇ.

— بۇ ھېكايىنى باشقا كۈنى ئېيتىپ بەرسە-ڭىز، — دېدىم مەن، — ھازىر مېنىڭ ئوت كېتىش ئەھۋالىنى بەك ئاڭلىغۇم بار. بۇ ساراڭنى ياكى رو-چېستېر خانىمنى ئوت كېتىش بىلەن ئالاقىسى بار دەپ گۇمان قىلىشامدىكەن؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، خېنىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئوت قويمايدۇ. ئۇنىڭغا پاۋىل خانىم دەپ ئاتى-لىدىغان بىر ئايال قارايتتى. ئۇنىڭ بىر ئەيىبى بار ئى-دى، يەنى ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېستىرا ياكى قاراۋۇللارغا ئوخشاش ھاراققا ئامراق بولۇپ، ساقلاپ قويغان ھارىقىدىن دائىم بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچىۋېلىپ يۈرەتتى، مۇنداق قىلسا خەتەر چىقمامدۇ؟ ھاراق قورساققا كىرگەندىن كېيىن، پاۋىل خانىم قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ھىيلىقى جادۇ-گەردەك ھىيلىگەر ساراڭ ئايال ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كې-تىپ، ئاۋۋال ياندىكى ئۆينىڭ پەردىلىرىگە ئوت يېقىۋې-تىپتۇ، ئاندىن بىر قەۋەت پەسكە چۈشۈپ ئائىلە ئوقۇت-قۇچىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ خۇددى ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك، ئوقۇتقۇچىغا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ

يورگەن ئىكەن. ئۇ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كارىۋىتىغا ئوت يېقىپتۇ. لېكىن، ئۆيدە ھېچكىم ياتمىغان، ئىككى ئاي ئىلگىرى ئۇ ئايال ئوقۇتقۇچى كېتىپ قالغان ئى-كەن، روچېستېر ئەپەندى ئۇ ئوقۇتقۇچىنى جېنىنىڭ بارىچە ئىزدەپ بېقىپمۇ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇ ئۇمىد-سىزلىكتە ئەشەددىي ئالۋاستىلاردەك بارغانسېرى ۋەھ-شىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ خوجدار فايرفاكس خانىمنى يىراقتىكى بىر دوستىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز، ئەمما، روچېستېر ئەپەندى ناھايىتى ئوچۇق قوللۇق بىلەن ئۇنىڭغا ئۆمرىگە يەتكۈدەك پۇل بېرىپتۇ، دەرۋەقە فايرفاكس خانىممۇ شۇنداق قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ناھايىتى ياخشى ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدى-كى ئادېير خېنىمنى مەكتەپكە بېرىپ، بارلىق مۇتىۋەر ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۆز خۇددى تەركى-دۇنيا بولغان زاھىتلاردەك قورۇقىدىن چىقماي، ئىشىكى-نى تاقىۋېلىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— ئەمىسە، ئوت كەتكەندە روچېستېر ئەپەندى ئۆي-دىمىكەندۇق؟

— شۇنداق، ئۇ ئۆيدىكەندۇق. ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ، ساراڭ خوتۇننى كىچىك ئۆيدىن قۇتقۇزۇپ چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئايال كۆنگۈرىلىك تام ئۇستىگە چىقىۋېلىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ۋارقىراپ - جارقىراۋېتىپتى-كەن، ئۇنى بىر ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان يەردىنمۇ

ئاڭلىغىلى بولاتتى. مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئاۋازىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. بىز ئۇنىڭ شۇ يەردە تۇرغىنىنى، روچېستېر ئەپەندىنىڭ تۇڭلۇكتىن چىقىپ، «بروسا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگىنىنى كۆردۇق. ئۇ ئايال بىر چىرقىراپلا پەسكە سەكرىۋىدى، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ، قانلىرى ئەتراپقا چاچ-راپ كەتتى. روچېستېر خانىم كۈنگۈرىدىن سەكرىگەندىن كېيىن، «گۈلدۈر» قىلىپ پۈتۈن ئۆيلەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. روچېستېر ئەپەندىنى كىشىلەر ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىققاندا، ئۇ ئىنتايىن ئېغىر يارىلانغانىدى. بىر تال لىم چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىر كۆزىنى قۇيۇۋې-تىپتۇ، بىر قولى ئېزىلىپ كېتىپتۇ، تاشقى كېسەل-لىكلەر دوختۇرى كارت ئەپەندى ئۇنىڭ قولىنى دەرھال كېسىۋەتتى، يەنە بىر كۆزىمۇ ياللۇغلىنىپ، كور بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھەم قارىغۇ، ھەم توكۇر بولۇپ قېلىپ، ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدى.

—ئۇ قەيەردە؟ ئۇ ھازىر نەدە تۇرىدۇ؟

—فېندىندىكى ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇ-رىدۇ، ئۇ مەيدان بۇ يەرگە 30 ئىنگلىز چاقىرىم كې-لىدۇ، ئىنتايىن قاقاس بىر يەر.

—كىم بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟

—قېرى يوھان ئەر ـ خوتۇن بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇ باشقىلارنى خالىمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، رو-چېستېر ئەپەندىنىڭ بەدىنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپتۇ.

— هارۋىڭىز بارمۇ؟

— بار، بىر يېنىك پەيتون بار، خېنىم، ناھايىتى چىرايلىق پەيتون.

— ئۇنى دەرھال تەييارلاڭ، ئەگەر ھارۋىكەشىڭىز قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن مېنى فېندىنغا يەتكۈزۈپ بارالىسا، سىزگە ئىككى ھەسسە ھەق تۆلەيمەن.

فېندىن قورۇقى ئورمانلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان، ئىنتايىن قەدىمىي، كۆلىمى ئوتتۇراھال، ئاددىي، ئەمما پۇختا سېلىنغان بىنا ئىكەن. ئۇ توغرۇلۇق بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا روچېستېر ئەپەندى ئۇنى دائىم تىلغا ئېلىپ تۇراتتى، بەزىدە يەنە ئۇ يەرگە باراتتى. ئۇ-نىڭ دادىسى بۇ جاينى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن سېتىۋالغان ئىكەن. پۈتۈن قورۇقتا ئادەم تۇرمايدىكەن، بۇ يېزا ئاق-سۆڭەكى پەقەت ئوۋ پەسلىدىلا كېلىپ تۇرىدىكەن.

ئۇ كۈنى ۋىژىلداپ سوغۇق شامال چىقىپ، سىم-سىم يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن مەن بۇ تۇرالغۇغا يېقىنلاشتىم. بىر ئاۋاز ئاڭلى-نىپ، ئۇدۇلدىكى تار ئىشىك ئاستا ئېچىلدى-دە، ئى-چىدىن بىر ئادەم چىقىپ پەلەمپەيدە توختىدى. ئۇ قو-لىنى سۇنۇپ، يامغۇر ياغقان-ياغمىغانلىقىنى بىلمەك-چى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى تونۇۋالدىم، ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مېنىڭ خوجايىنىم ئېدۋارد فايرفاكس روچېستېر ئىدى.

ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، بىلەكلىرىنى گىرەلەش-تۈرگىنىچە يامغۇردا جىم تۇردى. بۇ چاغدا قاياقتىندۇر يوھان چىقىپ كەلدى.

— بىلىكىمنى تۇتۇۋېلىڭ، بولامدۇ، ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇ، — يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتىدۇ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، بولامدۇ؟

— ماڭا كاشىلا قىلما، — دېدى ئۇ.

يوھان كەينىگە قايتىپ كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا روچېستېر ئەپەندى مېڭىپ باقماقچى بولدى، ئەمما، ھېچ ئامال قىلالمىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

— بۇ چاغدا مەن ئىلگىرىلەپ بېرىپ ئىشىكنى چەكتىم. يوھاننىڭ ئايالى ئىشىكنى ئاچتى.

— مارى، — دېدىم مەن، — ياخشىمۇسىز؟

ئۇ خۇددى جىن كۆرگەندەك قاتتىق قورقۇپ كەتتى، مەن ئۇنى تىنچلاندۇردۇم. جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىردىم. ئۇ چاغدا يوھان لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن روچېستېر ئەپەندىنى يوقلىغىلى قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. دەل شۇ چاغدا مېھمانخانىنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىندى.

ئۇ بىر ئىستاكان سۇ قۇيۇپ، يەنە نەچچە تال شام ئېلىپ، ھەممىسىنى پەتنۇسقا قويدى.

— پەتنۇسنى ماڭا بېرىڭ، مەن ئەكىرىپ بېرەي.

ئۇنىڭ قولىدىن پەتنۇسنى ئالدىم، مارى ئىشىكنى

ئېچىپ بېرىپ، يەنە يېپىپ قويدى.
مېھمانخانا ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ يەردىكى قا-
رىغۇ خوجايىن بېشىنى قەدىمكى پاسونلىكى ئېگىز تام
مەش جازىسىغا تىرەپ، ئېگىشىپ ئوت سىنىپ ئولتۇ-
راتتى. قېرى ئىت پېرروت بىر چەتتە ياتاتتى. كىرد-
شىمگە ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ھاۋ-ھاۋ قىلىپ
بىرنەچچىنى قاۋاپ، ماڭا قاراپ سەكرەپ كەلدى، قولۇم-
دىكى پەتنۇسنىمۇ چۇشۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.
— سۇنى ماڭا بەر، مارى، — دېدى ئۇ.
يېرىم ئىستاكانلا قالغان سۇنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ
ئالدىغا باردىم. ئۇ سۇنى ئاغزىغا يېقىن ئېلىپ بارمايلا
توختاپ قالدى.
— سەنما مارى، سەن شۇمۇ؟
— مارى ئاشخانىدا قالدى، — دەپ جاۋاب بەردىم
مەن، ئۇ ناھايىتى تېز قولىنى سۇنغانىدى، ماڭا يەتمە-
دى.
— ماڭا جاۋاب بەر! يەنە بىر قېتىم دېگىن! — ئۇ
ئۆكتەملىك بىلەن ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى.
— پېرروت مېنى تونۇدى، مەن بۇ يەرگە بۇگۈن
ئاخشام كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.
— جىبىنما؟ بۇ نېمە؟ بۇ ئۇنىڭ بەدىنى، بۇ ئۇنىڭ
بوي-بەستى.
— يەنە ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بار، — دېدىم مەن تولۇق-
لاپ، — ئۇ پۈتۈنلەي مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ مۇشۇ
يەردە.

ئۇ بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، ئالدىدىكى ئۆزى كۆرەلمىگەن بۇ پاكىتقا ئىشەندى.

— راست سىزمۇ، جېين؟ ئۇنداق بولسا، مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندى. مەن ھازىر مۇستەقىل ئايال بولدۇم! مادېيلادىكى تاغام ئۆلۈپ كەتتى، ماڭا بەش مىڭ فوندستېرلىڭ قالدۇردى. ناھايىتى پۇلدار بولۇپ كەتتىم، ئەپەندى. ئەگەر سىز مېنى سىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگىلى قويمىسىڭىز، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ تۇۋىگىلا بىر ئۆي سالىمەن، كەچتە بىرەرسىنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى خالىغان ۋاقتىڭىزدا كېلىپ، مېھمانخانامدا ئولتۇرسىڭىز بولىدۇ.

— ئەمما، سىزنىڭ پۇلىڭىز بار بوپتۇ، جېين، نۇرغۇن دوستلىرىڭىز سىزگە غەمخورلۇق قىلىپ، سىزنىڭ مەندەك كۆزى كور، قولى چولاق ئادەمگە بارلىقىڭىزنى بېغىشلىشىڭىزغا يول قويمايدىغانلىقىدا گەپ يوق!

—ئەلۋەتتە، مەن سىزگە سېستىرا، خوجىدار بولۇشنى خالايمەن، سۆيۈملۈك خوجايىن! مەنلا ھايات بولىدىكەنمەن، سىز غېرىبسىنىپ قالمايسىز.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، لېكىن، ئالدىراپ مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— بىراق، سىز مەڭگۈ سېستىرا بولسىڭىز بولمايدۇ، جېين ئېير، سىز تېخى ياش، كەلگۈسىدە توي قىلىشىڭىز كېرەك.

ئۇ يەنە غەمكىنلىك ئىچىگە پاتتى، ئەمما، مەن ئەكسىچە تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ جۈرئەتلىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ سۆزىدىن مەن توسالغۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم، توسالغۇ مەندە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ كەتتىم.

— بۇ قولۇم چولاق، — دېدى ئۇ بېغىشىدىنلا كې-سىۋېتىلگەن قولىنى ماڭا كۆرسىتىپ، — مانا مۇشۇن-چىلىكلا يېرى قالدى، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! شۇنداق-مۇ، جېين؟

— ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئېچىندىم، سىزنىڭ كۆزىڭىزنى، پېشانىڭىزدىكى كۆيگەن تاتۇقنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئېچىنىۋاتىمەن. ئەڭ چاتاق يېرى شۇكى، مۇ-شۇنداق تۇرسىڭىزمۇ بىر كىشى سىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ، سىزنىڭ خەتەرلىك ھالىڭىزغا ئىنتايىن كۆ-ڭۈل بۆلىدۇ.

— سىزنى مېنىڭ بىلىكىمنى ۋە تاتۇق بېسىپ كەتكەن يۈزۈمنى كۆرسە سەسكىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئىد-كەنمەن، جېين.

— سىز شۇنداق ئويلىغانمىدىڭىز؟ ماڭا بۇنداق گەپنى قىلماڭ، بولمىسا، مەن سىزنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىز يوقكەن، دەپ قالىمەن. ماقۇل، مەن بىردەم نېرى كېتىپ ئوتنى كۈچەيتىپ، تام مەشىنى تازىلاپ قوياي. ئوت ئۇلۇغ ۋاقتىدا سىز ئۇنى كۆرەلەمسىز؟

— كۆرەلەيمەن، ئۇلۇغ كۆزۈم يورۇقنى كۆرەلەيدۇ، غۇۋا قىزىل نۇرنى كۆرەلەيدۇ.

— شامنىڭ يورۇقىنى كۆرەلەمسىز؟

— ئىنتايىن غۇۋا، ھەربىر تال شام بىر كالىلەك پارقىراق تۇماندەك كۆرۈنىدۇ.

— مېنى كۆرەلەمسىز؟

— كۆرەلمەيمەن، پەرىشتەم، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزنى سىلىيالىغىنىمدىن ئىنتايىن مەمنۇنمەن.

مارىنى چاقىرىپ كىرىپ، بىردەمدىلا ئۆينى تېخىمۇ رەتلىك يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا تېتىغۇدەك بىر ۋاخلىق كەچلىك تاماق تەييارلاپ بەردىم.

تاماقتىن كېيىن، ئۇ مەندىن نۇرغۇن ئىشلار-نى — نەگە كەتكىنىمنى، نېمىلەرنى قىلغىنىمنى، ئۇنى قانداق تاپقانلىقىمنى سورىدى. ئەمما، بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە، تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلمەي، ناھايىتى قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

— بۇگۈن ئاخشام ھەممىلا گەپنى ئاغزىمدىن سۇ-غۇرۇۋالىمەن، دەپ ئويلىماڭ، ئەپەندىم، ئەتە ئەتىگەنگىچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ناشتا قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئۇستى-لىڭىزنىڭ قېشىدا ھازىر بولۇپ، قالغان گەپنىڭ ھەم-مىسىنى دەپ بېرىمەن. ھازىر سىزدىن ئايرىلىمەن، ئۈچ كۈندىن بېرى يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەن ئوخشايمەن، خەيرلىك كەچ! ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇ-رۇپ مېڭىپ يۈرگىنىنى، بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە سىلاشتۇرۇپ كىرىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. مارى بىنادىن

چۈشكەندە، ئۇنىڭ «ئېير خېنىم بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىنى، كەينىدىنلا: «سەن ئۇنى قايسى ھۇجرىغا ياتقۇزۇپ قويدۇڭ؟ قاچان چۈشىدۇ؟» دەپ سورىغىنىنى ئاڭلىدىم.

روچېستېر ئەپەندى بىلەن بىللە ناشتا قىلماقچى بولغىنىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، پەسكە چۈشتۈم.

—ئەجەب يارقىن قۇياشلىق كۈن بوپتۇ، ئەپەندى، — دېدىم مەن، — يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپ، ئاسمان سۈزۈلۈپ، قۇياش ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ، بىردەمدىن كېيىن چىقىپ سەيلە قىلىپ كېلىڭ.

ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويۇۋىدىم، شۇئان چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى.

چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى سىرتتا ئۆتكۈزدۇق. مەن ئۇنى يېتىلەپ نەم، جىمجىت ئورمانلىقتىن ئېلىپ چىقىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىدىغان ئېتىزلىقلارغا ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئېتىزلار بىلەن ئاسماننى تەسۋىرلەپ بەردىم. ئۇ مېنى باغرىغا چىڭ باسقاندا، توساتتىن:

— ۋاپاسىز، ۋاپاسىز قاچقۇن! ئاھ، جېين، سىزنىڭ سانفىېلدتىن قېچىپ كەتكىنىڭىزنى ئۇققان ۋاقتىمدا، سىزنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، ھۇجرىڭىزنى ئىزدەپ، پۇل ئالمىغىنىڭىزنى، ھەتتا گۆرۈگە قويۇپ پۇل قىلىپ ئىشلەتكۈدەك نەرسىلەرنىمۇ ئالمىغىنىڭىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم نەقەدەر ئازابلاندى ـ ھە! مەن سوۋغا قىلغان مەرۋايىت مارجان قۇتىدا ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. چامادانىڭىز

خۇددى توي ساياھىتىگە تەييارلانغان ۋاقىتتىكىدەك قۇ-
لۇپلاپ، قويۇلۇپتۇ. مەن ئۆزۈمدىن مىنىڭ قەدىرلىكىم
گاداي بولۇپ كېتىپتۇ، يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوقكەن، ئۇ
قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىدۇ؟ دەپ سورىدىم.
ھازىر ماڭا دەپ بېرىڭا، قېنى ئاڭلاپ  باقاي.

ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، مەن ئۆتكەن بىر يىللىق
كەچۈرمىشلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىشكە باشلىدىم،
ئۈچ كۈنلۈك سەرگەردانلىق ۋە ئاچارچىلىقتا قالغىنىمنى
سۆزلەپ بەرمەي قىسقارتىۋەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن
سازلىق قورۇقىغا قانداق قوبۇل قىلىنغانلىقىم، ئوقۇت-
قۇچىلىق خىزمىتىگە قانداق ئېرىشكەنلىكلىرىمنى
سۆزلەپ بەردىم، مال ـ مۈلۈككە قانداق ئېرىشكەنلىكىم
ۋە تۇغقانلىرىمنى قانداق تېپىۋالغانلىقلىرىمنى مۇۋاپىق
تەرتىپ بويىچە بايان قىلىپ بەردىم.

— جېين، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى مەڭگۈ ياخشى
كۆرىمەن، ئۇ ماڭا ھامان يېڭى ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئۇ
شۇنچە سەمىمىي ئاڭلىنىدۇ. مەن ئۇنى ئاڭلىساملا، بىر
يىل ئىلگىرىكى ۋاقتىمغا قايتىمەن.

مەن ئىككى كۆزى ئەما سۆيۈملۈك خوجايىنىمنى
ئىختىيارسىز، تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدىم.
ئۇ كۆلۈمسىرىدى.

— ئەپەندىم، يۈرىكىم سىزنىڭكى. ئۇ سىزگە مەڭ-سۇپ، ناۋادا تەقدىر مېنىڭ جىسمىمنىڭ باشقا بۆلەك-لىرىنى سىزدىن مەڭگۈ ئايرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ قەلبىم سىز بىلەن بىللە بولىدۇ.

ئۇ مېنى سۆيگەن چاغدا، ئازابلىق خىياللاردىن ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

— ئاھ، مېنىڭ كۆيۈپ كەتكەن كۆزلىرىم! مېيىپ بولغان بەدىنىم! — ئۇ ئۆكۈنۈش بىلەن غودۇڭشىدى.

مەن ئۇنى سىلاپ تەسەللى بەردىم، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ يۈزىنى قاچۇرغاندا، چىڭ يۇمۇلغان كۆز چاناقلىرىدىن ياشلار سىرغىپ، ئەرلەرگە خاس مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئىنتايىن ئازابلاندى.

— سىز مېيىپ ئەمەس، ئەپەندى. سىز ياشناپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان چىنارسىز. سىزنىڭ خالاش - خالىماسلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، گۈل - گىـ-ياھلار سىزنىڭ تۈۋىڭىزدە ئۇنۇپ چىقىدۇ، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ كەڭ سايىڭىزدا پاناھلىنىشنى خالايدۇ. ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلسە سىزگە يۆلىنىپ، سىزگە چىرمىشىدۇ، چۈنكى، سىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭىز ئۇلارغا ئىشەنچ-لىك تۈۋرۈك بولالايدۇ.

ئۇ يەنە كۈلدى، مەن يەنە ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

— دوستلۇقنى دەۋاتامسىز، جېين؟ — سورىدى ئۇ.

— ھەئە، دوستلۇقنى دەۋاتىمەن، — مەن ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردىم. مېنىڭ دېگەنلىرىم دوستلۇقتىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى، لېكىن، قانداق سۆزنى قوللىنىش لازىملىقىغا ھۆكۈم قىلالمايۋاتقىنىمدا، ئۇ ماڭا ياردەم قىلغانىدى.

— ئاھ، جېيىن، ئەمما ماڭا بىر خوتۇن لازىم.

— شۇنداقمۇ، ئەپەندىم؟

— شۇنداق، بۇ سىزگە يېڭىلىق بولۇپ ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟

— ئۇنىڭدا ئەھۋالغا قاراش، ئەپەندىم، سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا قاراش كېرەك.

— مەن ھېچبولمىغاندا، ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى تاللايمەن. جېيىن، سىز ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟

— خالايمەن، ئەپەندىم.

— سىز يېتىلەپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان بىر بىچارە قارىغۇغا تېگىشنى خالامسىز؟

— خالايمەن، ئەپەندىم.

— ئۆزىڭىزدىن 20 ياش چوڭ، ئۆمرىڭىز بويى غەمخورلۇق قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئادەمگە تېگەمسىز؟

— خالايمەن، ئەپەندىم.

— راستمۇ، جېيىن؟

— پوتۇنلەي راست، ئەپەندىم.

— ئاھ، سۆيۈملۈكۈم! خۇدا ساقلىسۇن سىزنى، خۇدا سىزگە بەخت ئاتا قىلسۇن!

— روچېستېر ئەپەندى، ئەگەر ھاياتىمدا بىر ياخشى ئىش قىلغان بولسام، ئەگەر بىرەر ياخشى نىيەتتە بولغان بولسام، ئەگەر بىرەر سەمىمىي، ئېۋەنسىز تىلا-ۋەت قىلغان بولسام، ئەگەر ئىلگىرى بىرەر ھەقىقىي ئارزۇيۇم بولغان بولسا، مانا ھازىر شۇنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشتىم. سىزگە خوتۇن بولۇش مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش.

— چۈنكى، سىز قۇربان بېرىشكە رازى بولىۋاتىسىز.

— قۇربان بېرىش؟! مەن نېمىنى قۇربان بەردىم؟ ئاچلىقنى قۇربان قىلىپ ئوزۇقلۇققا ئېرىشتىم، كۈتۈشنى قۇربان قىلىپ، قانائەتكە ئېرىشتىم. ئۆزۈمنىڭ قەدىرلىك ئادىمىمنى قۇچاقلاشقا ھەقىقىم بار، ئۆزۈم قىزغىن سۆيگەن ئادىمىمنى سۆيۈشكە ھەققىم بار، ئۆزۈم يۆلەنگۈدەك ئادىمىمگە يۆلىنىشكە ھەققىم بار. بۇنى قۇربان بەردى دېگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر بۇ قۇربان بېرىش بولسا، مەن قۇربان بېرىشكە رازى.

— مېنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىمغا چىدىشىڭىز، جېين، مېنىڭ ئەيىبىمنى كۆرمەسكە سېلىشىڭىز كېرەك.

— بۇ مەن ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس، ئەپەندىم.

— مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشىگە، يېتىلەپ مېڭىشىغا ئۆچ ئىدىم، ئەمما، بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئۆچ بولمايمەن. جېيىن ماڭا لايىق، لېكىن، مەن جېيىنگە لايىقمۇ؟

— ئىككىمىز خۇدا قوشقان بىر جۈپلەرمىز، ئەپەندىم.

— شۇنداق بولسا، يەنە كۈتۈپ تۇرغۇدەك نېمىسى بار، بىز دەرھال توي قىلايلى.

ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋە گەپلىرىدىن ناھايىتى تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىراڭغۇ مىجەزى يەنە قوزغالدى.

— بىز قىلچە ئىككىلىنىپ تۇرماستىن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىمىز لازىم، جېيىن، گۇۋاھنامىنى قولغا ئالغان ھامان، دەرھال توي قىلايلى.

— روچېستېر ئەپەندى، مەن ھېلىلا كۈننىڭ غەربكە قىيسايغىنىنى بايقىدىم، پىرروتمۇ ئاللىقاچان غىزالانغىلى ئۆيگە كەتتى. سائىتىڭىزگە قاراپ باقاي.

— ئۇنى بېلىڭىزگە قىستۇرۇۋېلىڭ، جېيىن ئېير، مۇندىن كېيىن سىزدە تۇرسۇن، ماڭا بەرىبىر لازىم بولمايدىكەن.

— سائەت چۈشتىن كېيىن تۆت بولاي دەپ قاپتۇ، ئەپەندىم. قورسىقىڭىز ئاچمىدىمۇ؟

— ئۆگۈنلۈككە توي قىلايلى، جېيىن، ھازىر ئۇ

ھەشەمەتلىك چامادان ۋە ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇزىننەتلەر بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، بۇ نەرسىلەر بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ.

— قۇياش بارلىق يامغۇر تامچىلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى، ئازراقمۇ شامال يوق، كۈن ناھايىتى ئىسسىق بولۇۋاتىدۇ، ئەپەندىم.

— بىلەمسىز، جېين، شۇ تاپتا گالستۇكىڭىز ئاستىدىكى كۆكرىكىڭىزدە كەتكەن بوينۇمدا سىزنىڭ كىچىككىنە مەرۋايىت مارجىنىڭىز ئېسىقلىق، ئۇ كۈنى مەن بىردىنبىر گۆھىرىمنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى سىزگە بولغان سېغىنىشىمنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئېسىۋالدىم.

— بىز ئورماندىن ئۆتۈپ ئۆيگە قايتايلى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئويغا چۆمۈپ كېتىپ، مەن بىلەن كارى بولمىدى.

— جېين! سىز مېنى ئەتىۋارىنى بىلمەيدىغان بىرنېمىكەن دەۋاتىدىغانسىز، لېكىن، شۇ تاپتا مەن شەپقەتلىك تەڭرىدىن چىن قەلبىمدىن مىننەتدارمەن، ئۇ شەيئىلەرگە ئادەمگە ئوخشاش قارىمايدىكەن، بەلكى شەيئىنى ئادەمدىن ئېنىق كۆرىدىكەن؛ ئۇ ئىشلار ئۈستىدە، ئادەملەرگە قارىغاندا كۆپ ئاقىلانە ھۆكۈم چىقىرىدىكەن. مەن خاتالىشىپ، پاك غۇنچىنى بۇلغاپ، گۇناھنى گۇناھسىز ئادەمگە ئارتىپ قويماقچى بولغانىدىم. تەڭرى

ئۇنى مېنىڭدىن تارتىۋالدى. مەن جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىپ، مۇشۇنداق جازالاش ئۇسۇلىنى قارغىغىلى تاس قالغانىدىم، مەن تەقدىرگە تەن بەرمەستىن، ئۇنى نەزەرىمگە ئىلمىغانىدىم. مۇقەددەس سوت ئوخشاش داۋاملىشىپ، بېشىمغا ئاپەت ياغدى. مەن ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدىم. تەڭرىنىڭ جازاسى ھەممىگە قادىر بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى سەمىمىي بولدى.

بىلكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى مېنى مەڭگۈ كەمتەر ئادەمگە ئايلاندۇردى. مەن بەختسىزلىك ئىچىدە تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈشكە ۋە ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈمنى ئەيىبلەش ۋە توۋا قىلىشقا باشلىدىم. ئىگەمگە بويسۇنۇشنى ئىختىيار قىلدىم. بەزىدە مەن يەنە دۇئا-تىلاۋەت قىلدىم، قىلغان تىلاۋىتىم گەرچە قىسقا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى سەمىمىي بولدى.

ئۇ مېنى قۇچىقىدىن چۈشۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن بېشىدىن قالپىقىنى ئېلىپ، نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرى بىلەن زېمىنگە قاراپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن سۆكۈتتە تۇردى، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى چوقۇنغان گەپلىرىلا قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلىدى:

— مەۋجۇداتلار ئىگىسىنىڭ ھۆكۈم چىقارغاندا ئىچ ئاغرىتىشنى ئۇنتۇمىغىنىغا رەھمەت. مەن تۆۋەنچىلىك بىلەن باشپاناھىمنىڭ ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن، ئىلگىرىكىدىن پاك بىر خىل تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمگە

كۆچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. بىز توينى جىم-جىتلا قىلدۇق، تويغا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن مەن، باستىر ۋە چېركاۋنىڭ كاتىپىلا قاتناشتۇق.

سازلىق قورۇقىغا دەرھال خەت يېزىپ، ئۇلارغا توي قىلغانلىقىمنى خەۋەر قىلدىم ھەم سەۋەبىنى تەپسىلىي ئەسكەرتتىم. دىئاننا بىلەن مارى قىلچە يوشۇرۇپ تۇر-ماستىن ئالقىشلىدى. دىئاننا يەنە، ئاۋۋال شېرىن ئې-يىڭلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن يوقلاپ بارىمەن، دېدى.

مەن روچېستېر ئەپەندىگە ئېيتىپ ھەم ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كىچىك قىزچاق ئادېيرگە ئۆيگە يېقىن، مەن دائىم بېرىپ يوقلاپ تۇرالىغۇدەك يەردىن بىر ئازادە مەكتەپ تېپىپ بەردىم، بەزىدە ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋامىدا، مۇكەممەل ئەنگلىيە مائارىپى ئۇنىڭ فرانسىيىچە نۇقسانلىرىنى زور دەرىجىدە تۈزەتتى. ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك، ئەدەپلىك، مۇلايىم، چىقىشقاق ھەم ناھايىتى پرىنسىپال قىز بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى بايقىدىم.

ھازىر مەن توي قىلغىلى 10 يىل بولۇپ قالدى.

مەن ئۆزۈم دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش، شۇنداقلا پۈتۈن نىيىتىم بىلەن شۇ كىشى ئۈچۈن ياشاشنىڭ قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن هازىر ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك هېس قىلىمەن، بەختىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى مەن پۈتۈنلەي ئېرىمنىڭ هاياتى، ئۇمۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ هاياتىم. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىللە ياشىغان ۋاقتىمىزدا خۇددى يالغۇز يۈرگەن ۋاقتىمىزدىكىدەكلا ئەركىن بولىمىز هەم بىللە بولۇشنىڭ شادلىقىغا چۆمۈلىمىز.

بىز توي قىلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىلدا، روچېستېر ئەپەندى ئوخشاشلا ئەما پېتى يۈردى. ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بىز بىللە لوندونغا باردۇق. ئۇ يەردە ئۇ بىر داڭلىق كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرىدا داۋالىنىپ، ئاخىر هېلىقى بىر كۆزى ئېچىلدى. تۇنجى بالىمىزنى قۇچىقىغا ئالغاندا، ئۇ بۇ ئوغلىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كۆزلىرىدەك يوغان، نۇرلۇق، قاپقارا بولغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ يەنە بىر قېتىم چىن كۆڭلىدىن تەڭرىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن جازاسىنى يېنىكلەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«جېين ئېير» چارلوتتې برونتىنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقان ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراك-تېرگە ئىگە ئەسىرى. بۇ رومان دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا، ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. داڭلىق يازغۇچى تاككېراي نەشر سودىگىرىگە مۇنداق دەپ خەت يازغاندى: «‹جېين ئېير› مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى، بۇ رو-ماننى مەن ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ماڭا ۋاكا-لىتەن ئاپتورغا سالىمىمنى ۋە رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قويىسىڭىز. بۇ مەن ئۇدا نەچچە كۈن قولۇمدىن چۈشۈر-مەي، زېرىكمەي ئوقۇغان تۇنجى ئەنگلىيە رومانى بولدى.» داڭلىق ئەنگلىيە ئوبزورچىسى گېئورگې. H. لېۋىس مۇنداق دېگەندى: «بۇ روماننىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ رېئاللىقىدا — چوڭقۇر، شۇنداقلا مۇھىم ئەھمى-يەتلىك بولغان رېئاللىقىدا.» يەنە بىر داڭلىق شائىر سۋىنبېرن مۇنداق باھا بەرگەندى: «مەن ئۆزۈمنىڭ ئېتىقادىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ قويايكى، زاماند-ىمىزدىكى ئەنگلىيە يازغۇچىلىرى ياكى ئايال يازغۇچىلار

ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدىغان بىرەر-سىمۇ يوق. مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ۋە شەك-شۈبھىسىز تالانتلىق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلى-ماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي، ھەممىدىن كەم ئۇچرايدىغان پەزىلىتىگە، يەنى ئۇنىڭ كىشىلەر ئوتتۇر-سىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قايتۇرغان ئىنكاسىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكى ۋە قانداق بىرتەرەپ قىلغانلىقىغا قاراش كېرەك.» ئۇلارنىڭ باھاسىدىن بىز «جېين ئېير» نىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، بولۇپمۇ كىشىلەر ئوت-تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىن ئى-بارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەمەلىيەتتە، «جېين ئېير» ئەينى چاغدىكى ئەنگ-لىيە جەمئىيىتىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بەرىبىر مۇھەببەت ھېكايىسىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان رومان، ئىجتىمائىي رېئال-لىقنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى تېخى ئۆزى بىلەن زاماندىش ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئوبزور-چىلار بىلەن كىتابخانلار ئۇنى نېمىشقا ماختايدۇ؟ بۇ-نىڭغا ئاساسلىقى ئايال باش قەھرىمان جېين ئېيرنىڭ ۋۇجۇدىدا كىشىلەرنىڭ بىر خىل غايىسىنىڭ گەۋدىلەن-دۈرۈلگەنلىكى سەۋەب بولغان.

جېيىن ئېير تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، چىراي ـ تۇرقى ئادەتتىكىچە بىر قىز بولۇپ، چارلوت جېيىن ئېيرنى يېزىشتىن ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر ئايالنى باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىگەن، مەدھىيىلىگەن رومان ناھايىتى ئاز ئىدى. لېكىن، چارلوت جېيىن ئېيرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەيسەرلىك، مۇستەقىللىكتىن ئىبارەت گۈزەل خاراكتېرنى بايقىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى ئەنگلىيىدە مۇشۇنداق بىر پېرسوناژ دەل كىشىلەرنىڭ نەيرەڭۋاز تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشى ۋە باراۋەرلىك ـ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشنى قايرىپ قويۇپ قارىساقمۇ، جېيىن ئېيرنىڭ قەيسەرلىكى، مۇستەقىللىكى يەنىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، رومانىنىڭ تىلىمۇ ئىنتايىن گۈزەل. «جېيىن ئېير» نىڭ ھېكايە ۋەقەلىكى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، لېكىن سەھىپىسى خېلىلا چوڭ، چۈنكى ئۇنىڭ تىلى شېئىرىي پۇراققا تولغان. رومانىدىكى نۇرغۇن پسىخىك تەسۋىر، پېرسوناژلار دىئالوگى مەزمۇننى شېئىرىي مەنتىقىلىققا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شەكىل جەھەتتىمۇ شېئىرىي مۇزىكا گۈزەللىكىگە ئىگە قىلغان، ئوقۇغاندا راۋان، يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاپتورنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى چەك-لىمىك بولغانلىقى ۋە رومانىنىڭ سىتىلىش ئېھتىياجىدىن بولسا كېرەك، «جېين ئېير» نىڭمۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان تەرەپلىرى بار، مەسىلەن، «ھەددى-دىن ئارتۇق سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن تەسۋىرلەر»، شۇن-داقلا رومانىنىڭ خاتىمىسىدە جېين ئېيرنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلغانلىقى قاتارلىقلار. ئەمما، ھېكايىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى بىلەن ئاخىر-لىشىشىنى ياقتۇرىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئېھتىمال بۇ بىر يامان ئەمەس تاللاش بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، جېين ئېير بىر ئادەتتىكى پوقىرا قىزنىڭ ئوبرازى، كېلىپ چىقىشى نامرات، يېتىم قىز ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ ئەنئەنىۋى رومانلاردا تەس-ۋىرلەنگەندەك، كېسەل بولمىسىمۇ ئىگراپ يۈرىدىغان يوقىرى تەبىقىنىڭ قىزلىرىدىن ئەمەس، موشۇنداق بىر پېرسوناژنى رومانىنىڭ باش قەھرىمانى قىلىش ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ ئوبراز 19 ـ ئەسىردىكى بىخ ها-لىتىدە تۇرۇۋاتقان ياۋروپا، ئامېرىكا ئاياللار ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاياللار، بولۇپمۇ نامرات ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان ئادەتتىكى ئاياللارنىڭ قەلبىدىكى كۈچ-لۈك ئارزۇسىنى، يەنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان؛ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىنسانىي

غۇرۇرىنى قوغداپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنى ئەر-كىن ئىپادىلەيدىغان ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئۇ ئاقسۆڭەك روچېستېرنى يۇرەكلىك ھالدا ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئەمما، روچېستېرنىڭ ئايالى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە كەسكىنلىك بىلەن ئۇنىڭ-دىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئەنئەنىۋى تۆۋەن تەبىقە ئايالل-رىدەك يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكى ئەرنىڭ ئاشنىسى، ھەتتا ئويۇنچۇقى بولۇشقا رازى بولمايدۇ، كېيىن، تەڭ-رىنى ئىنسانلاردىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان سان يوھان ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغاندا، ئۇ قەتئىي رەت قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن تىز پۈ-كۈپ، بويسۇنۇپ يۈرمەيدۇ؛ ئاخىردا روچېستېرنىڭ خو-تۇنى ئۆلگەندىن كېيىن، روچېستېرنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بى-لەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جېين ئېيرنىڭ ئايالالرنىڭ ئىنسا-نىي ئىززەت - ھۆرمىتى جەھەتتىكى ئىنتىلىشىنى ئى-پادىلەپ بېرىدۇ، ئايالالرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە مۇستەقىللىقىغا بولغان جەھەت-تىكى بۇ خىل ئىنتىلىش دەل ئەينى چاغدا ئويغىنى-ۋاتقان يېڭى ئايالالرنىڭ ئاالھىدىلىكى ئىدى.

ئۇچىنچىدىن، جېين ئېير غايىگە سادىق بولغان-لىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا

مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ، شۇڭلاشقا، ئۇ يەنە بىر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ جەھەتتە سىنىپىي ھاڭنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقا ھەرقايسى تەرەپلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئاتالمىش مەكتەپ تەربىيىسىگە دادىل قارشىلىق كۆرسىتىدۇ: ئۇ رېئاد خانىمنىڭ ئالدىدا قوزىدەك ياۋاش ياخشى قىز بولۇشنى رەت قىلىدۇ، دارىلئېتامدا كۆپ قېتىم زوراۋان، يولسىز مۇدىر ۋە مۇپەتتىش بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، شۇ سە-ۋەبلىك رەھىمسىزلەرچە جازاغا ئۇچرىسىمۇ تىز پۈك-مەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ ئۇ دادىل قارشىلىق كۆرسەتكۈچى، مەسىلەن، ئۇنىڭ سان يوھانغا تېگىشكە ئۇنىماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ تەڭرى مېنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ، سان يوھان ئۇنى تەڭرىنى سۆيمەيدىكەنسەن، دەپ ئەيىبلىگەندە، ئۇ كېسىپلا، مەن ئىنسانلارنى بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدى-غان تەڭرىنىلا سۆيىمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنئەنىۋى تەربىيە ۋە دىنىي ئېتىقادقا گۇمان بىلەن قارايدىغان ۋە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بۇنداق پوزىتسىيە ئويغانغان ئاياللار بىلەن ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تو-قۇنۇشنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا يەنە،

باتۇر، قورقماس روھنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر جېبىن ئېيرنى ئويغانغان ئاياللارنىڭ تىپى دېسەك، ئۇنداقتا، روچېستېر ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن يۇز ئۆرۈگەن بىر تىپىك ئوبراز. ئۇ مەرتىۋە ۋە مال-مۈلۈككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يۈرىكىنى لەختە-لەختە قىلغان ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ خىل ئازابقا ئۇنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغان خوتۇنى بولغانلىقى سەۋەب بولغان دېگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ مەنىسىز، تېتىقسىز تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن زېرىككەنلىكى سەۋەب بولغان دېگەن تۈزۈك. ئۇ جاھاندىن جاق تويۇپ، قەستەن مەنمەنلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشىغا تېخىمۇ كۆپ روھىي جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىشنى ئويلايدۇيۇ، بۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەي قاقشايدۇ. ئۇ گەرچە ئۆيدە تانسا ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكى ئېسىلزادە ئاياللارنى كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە قاراپ دىمىغىنى قاقىدۇ. جېبىن ئېير ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولغاندا، ئۇ چىراي-تۇرقى ئادەتتىكىچە بولغان بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنىنى كۆرىدۇ. چۈنكى، جېبىن ئېير غايىلىك، ئىنتىلىشچان، تۇرمۇشتا ئۆزىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇيالايدىغان ئايال ئىدى. ئويغانغان ئاياللارنىڭ سېھرىي

كۆچىمۇ دەل ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، رو-چېستېر ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، جېين ئېيرنى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قا-لىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن بىر خىل يېڭى تۇرمۇشنى باشلايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغان خوتۇنى ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايتتى. چۈنكى، جېين ئېير بۇ خىل تۇرمۇشنى خالىمايتتى. ئەكسىچە، جېين ئېير ئۇنىڭغا تىز پۈكسە، ئۇ چاغدا جېين ئېير ئويغانغان ئاياللارنىڭ بارلىق سېھرىي كۈ-چىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى. بۇ يەردە ساراڭ ئايالنى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ بىر خىل سىمۋولى دې-يىشكە بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىنلا، روچېستېر ئاندىن ئاخىرقى ھېسابتا ئازادلىققا ئېرىشە-لەيتتى، ئاندىن جېين ئېير بىلەن، بىر خىل يېڭىچە تۇرمۇشنى يارىتالايتتى.

خۇددى ئەر، ئايال باش پېرسوناژلار تەسۋىرىگە ئوخ-شاش، «جېين ئېير» دا نۇرغۇن مۇھىت تەسۋىرلىرىمۇ چىن ھەم تېپىك سۈرەتلەپ بېرىلگەن. مەسىلەن، جېين ئېيرنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىكى تۇرمۇشى، دارىلئېتامدىكى كەچۈرمىشلىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ باستىر سان يوھان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق-لار ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن تەسۋىرىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە، دارىلئېتام ھەققىدىكى

تەسۋىر ئەڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. چارلوت برونتې ئۆزى نامراتلار ئۇچۇن ئېچىلغان ياتاقلىق مەكتەپكە كىرىپ باققان. ئۇ گەرچە دارىلئېتام بولمىسىمۇ، لېكىن ئەھۋالى ئاساسەن ئوخشايتتى، شۇڭلاشقا، ئۇ ئەيىنى چاغدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئاتالمىش بالىلار مائارىپى جەھەتتە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە ئىدى. بۇنداق مائارىپ ئەمەلىيەتتە بالىلارنى نابۇت قىلاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى روماندىكى روئود دارىلئېتامى توغرىسىدىكى تەسۋىردە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. گەرچە بۇ رەزىل رېئاللىق ھەرگىز چارلوت برونتېنىڭلا ئەسىرىدە پاش قىلىنغان بولماستىن، بەلكى دىككېنىس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرلەر بار. لېكىن «جېين ئېير» دە چارلوت برونتې بىرىنچى شەخس تىلىدىن بايان قىلغان، شۇنداقلا ئۇ كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان، شۇڭلاشقا، يېتىملارنىڭ خورلۇققا ئۇچرىغاندىكى پىسخىك ھالىتى تېخىمۇ ئىنچىكە، چىن ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، بۇ رېئاللىقنى پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرغان.

رومانىنىڭ بەدىئىيلىكى ئۈستىدە توختالساق، «جېين ئېير» نىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، پېرسوناژلار خاسلىققا ئىگە قىلىنغان. جېين ئېير ئويغانغان ئاياللارغا خاس ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك خاسلىققا

ئىگە. ئەگەر جېين ئېير تولۇق خاسلىقتا ئىگە قىلىنـ
ـمىغان بولسا ياكى ئورتاقلىق خاسلىق ئىچىدە ئىپادىـ
ـلەنمىگەن بولسا، ئۇ ئۆلمەس ئوبراز بولۇپ چىقمىغان
بولاتتى. جېين ئېيرنىڭ خاسلىقى شۇكى، ئۇ ئەقىللىق
ئەمما كىچىك پېئىل، قەيسەر ئەمما ئاقكۆڭۈل، ئېـ
ـغىر ـ بېسىق ئەمما قىزغىن. بۇ خاسلىق ئالاھىدىلىكـ
ـلىرى ھەم ئۇنىڭ بالىلىق تۇرمۇشىدا، يەنى دارىلئېتامدا
ئۇنىڭ باشقۇرۇشقا بويسۇنماي جازالانغانلىقى قاتارلىق
جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئۇنىڭ روچېستېر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، يەنى
ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان
ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقىدىن روچېستېرنىڭ ئالـ
ـدىدا قۇللارچە باش ئېگىپ تۇرمىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭغا
تولىمۇ ئاقىلانىلىك ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغانـ
ـلىقى جەھەتلەردە كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم
ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىـ
ـچىگە پېتىپ قالغاندا، ئاقىلانىلىك بىلەن ھېسسىياتنى
باسىدۇ، ھېسسىياتى ئۇرغۇغاندا، شۇنداقلا ئاقىلانىلىكى
بىلەن ھېسسىياتى بىرلىككە كەلگەندە بولسا، بىر قاتار
ئىچكى توقۇنۇشلاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب،
گۈزەل ۋە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان خاراكتېر ئالاـ
ـھىدىلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاش، روچېستېرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئىنتايىن

جەلپكارلىققا ئىگە. روشەنكى، چارلوت برونتې بۇ پېر-سوناژنى ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن سېلىشتۇرما قىل-لىش، يەنى ئۇنىڭ ھاكاۋۇر تاشقى قىياپىتى بىلەن مېھرىبان ئىچكى دۇنياسىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئۇ-سۇلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. جېين ئېير روچېس-تېرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن ئۆتۈپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنىڭ ئەگرى-توقاي، شۇنداقلا ئاز-تولا ئەقىلغا سىغمايدىغان مۇھەببىتىگە ئىشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىنمۇ قاتتىق تە-سىرلىنىدۇ.

بۇ رومانىنىڭ ۋەقەلىكى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىل-لىدۇ، تىلى ئاددىي، پەردازسىز، مەنزىرە تەسۋىرى قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە. روماندا سانفىېلد قورۇقىنى تەسۋىرلىگەندە، گود شەكلىدىكى رومانچىلىقنىڭ ئىز-لىرى بولسىمۇ، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى چاكىنىلىق بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇر-مەنلەرنىڭ خۇمارى شۇنداق ئىدى، چارلوت برونتې ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنداق ئومۇمىي تەلىپىنى نەزەردە تۇت-ماي تۇرالمايتتى. قىسقىسى، «جېين ئېير» 19-ئە-سىردىكى ئەنگلىيىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەت-تۈرگەن. كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل بەدىئىي ئەسەردۇر.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئەنگلىيىدە 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. 1832 ـ ـ يىلى ئەنگلىيىدە پارلامېنت ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. بۇ، ئەنگلىيىدە كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز دۆلىتى خەلقلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە مۇستەملىكە خەلقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، كەسكىن زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى، ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەدرىجىي بىرلىشىپ، ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىستىخىيىلىك ھالدا ماشىنىلارنى پاچاقلىۋېتىشتىن تەشكىللىك ھالدىكى سىياسىي كۈرەش قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ۋە 40 ـ يىللىرىدىكى «ئاساسىي نىزامچىلار ھەرىكىتى» پۈتكۈل ئەنگلىيىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ

كۆچىنى نامايان قىلدى.

جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ھا-لىتىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە مەدەنىيەت قىممىتى قارىشىدا چوڭقۇر ئۆز-گىرىش پەيدا قىلدى. كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەت قارىشى ئۈزلۈكسىز كۆچەيدى، پۇل كىشىلەرنى ئۆلچەي-دىغان ئاساسلىق ۋە ياكى بىردىنبىر ئۆلچەم بولۇپ قالدى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى. كىشىلەر فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، مەلۇم دەرىجىدىكى كىشىلىك ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنە ماددىي بايلىق ئالدىدا مەنىۋى ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممىتى جەھەتتىكى ئەركىنلى-كىنى يوقىتىپ قويدى. ماددىي بايلىق يارىتىشقا قىز-قىپ كېتىدىغان ۋە ماددىي بايلىققا تايىنىدىغان تىرىك-چىلىك مۇھىتى ئىچىدە، كىشىنى كىشى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يېڭىچە بىر خىل شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-ناسىۋەت يامانلاشتى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بار-غانسېرى ناملراتلاشتى.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاچ - يالىڭاچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا يازغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى. بىر

قىسىم يازغۇچىلار مەرىپەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەـ
نىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، رېئال جەمئىيەتكە دېموكراـ
تىك، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزەرى بىلەن نەزەر
سېلىپ، سوغۇققانلىق بىلەن رېئال جەمئىيەتنى كۆزدـ
تىپ ۋە كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ،
كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۇسۇلى
ئۈستىدە ئىخچىمۇ رېئال نۇقتىدىن ئىزدەندى. شۇنىڭ
بىلەن، رېئال جەمئىيەت ئۈستىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش
قىلغان ھالدا ئىزدىنىدىغان، ئۇنى ئوبيېكتىپ سوغۇقـ
قانلىق بىلەن تەھلىل ۋە ئوپېراتسىيە قىلىدىغان روھىي
ھالەت ۋە كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇنداق
روھىي ھالەت ۋە كەيپىيات يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىجادـ
يىتىدە جەمئىيەتنى ئەينەن، ئىنچىكە سۈرەتلەپ، جەمـ
ئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، كاـ
پىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك
روھىي ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، شۇنداقلا
جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىشى ئارقىلىق
ئەكس ئەتتى. يەنە كېلىپ، بۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەر
ئاشۇنداق ئالاھىدە ئىجتىمائىي شارائىتتىكى
ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك روھىي ھالىتىگە ئۇيغۇن
كېلەتتى، شۇڭلاشقا، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە
تەنقىدىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان كەڭ مەنىدىكى رېئال

ئەدەبىيات ئىدىيىۋى ئېقىمى بارلىققا كەلدى.

19 ـ ئەسىردە تەبىئىي پەن تازا تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆجەيرە تەلىماتى، ئېنېرگىيىنىڭ ئۆز-گىرىش تەلىماتى ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى-دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ھەممىدىن گەۋ-دىلىك ئىدى. تەبىئىي پەندە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپ-پەقىيەتلەر كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش، ئىج-تىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە تۈرتكە بولدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، چار-لوت برونتې ئۆزىنىڭ كارامەت تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاياللار باراۋەرلىكى مەسىلىسىدە مەلۇم دەرىجىدە ئىز-دەنگەنىدى.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

جېين ئېير: بىر ئادەتتىكى ئايالنىڭ ئوبرازى بو-لۇپ، نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان يېتىم بالا ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ غايىسىگە سادىق، قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە، مۇھەببەت ۋە نىكاھ جەھەتتە،

ئۇ سىنىپىي جەھەتتىكى توسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى نەزەرىگە ئالماي، ئاقسۆڭەك روچېستېر بىلەن يۈرەكلىك ھالدا مۇھەببەتلىشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل غۇرۇرى بار، ئۇ روچېستېرنىڭ ئايالى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كەسكىنلىك بىلەن ئايرىلىپ كېتىدۇ. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ ئۇ دادىل قارشىلاشقۇچى.

روچېستېر: ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن بىر تىپىك ئوبراز، ئۇ ئاقسۆڭەكلەرچە مەنىسىز، تېتىقسىز تۇرمۇشتىن ئىنتايىن بىزار بولىدۇ. ئۇ ھەممىدىن بىزار بولۇپ، قەستەن مەنمەنلىك قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشىغا تېخىمۇ كۆپ روھىي جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلماقچى بولىدۇيۇ، بۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەي قاقشايدۇ. لېكىن، جېين ئېير ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولغاندا، ئۇ چىراي شەكلى ئادەتتىكىچە بولغان بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، ناھايىتى تېزلا جېين ئېيرنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئاخىردا بىرمۇنچە ئازابلارنى تارتقاندىن كېيىن، ئاندىن جېين ئېير بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

# ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا، برونتې ئاچا-سىڭىل ئۇچەيلەننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئاجايىپ قالتىس ئىش بولغانىدى. ئۇلار ھەم نۇرلۇق يۇلتۇزلار تۇركۇمىدەك كۆزنى قاماشتۇرۇپ چاقنىغان، ھەم ئايرىم-ئايرىم ھالدا غايەت زور گىگانت يۇلتۇزدەك نۇر چاچقانىدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدە تەۋرەنمەس ئورۇن تۇتتى. «جېين ئېير» رومانىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇزۇن زامانلارغىچە كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كېلەلىشىگە تەبىئىيكى، ئۇنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى سەۋەب بولغان.

«جېين ئېير» نى ئوقۇغاندا، ئېملى برونتېنىڭ «قىساسكار» دېگەن ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ. ئۇلار گەرچە ئاچا-سىڭىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئىنتايىن پەرقلىنىدۇ، ئىككىيلەننىڭ مىجەز-خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، مىجەز-خاراكتېر بىلەن يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ مۇناسىۋىتىنى

چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

«جېين ئېير» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گەرچە زىلزىلە قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەنقىدىي پىكىرلەرمۇ ئاز بولمىدى، بۇ تەنقىدلەر ئاساسەن ئۇنىڭ ئايال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى باش پېرسوناژ قىلغانلىقىغا قارىتىلغان. دەرۋەقە، بۇ ئەينى چاغدا ئىنتايىن دادىل ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى ئەدەبىي ئەسەرگە ئېلىپ كىرىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە باش پېرسوناژ قىلىش، تەبىئىيكى ئايرىش ناھايىتى ئېغىر بولغان ۋېكتورىيە زامانىسىدا كۆپ ئۇچرىمايتتى، چارلوت برونتېنىڭ ئايال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى باش پېرسوناژ قىلىشى، شۇنداقلا ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلەپ بېرەلىشى ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشلىق ئىدى. بىز كىتابنى ئوقۇغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ قارىساقلا، ئەسەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز.

روماندا جېين ئېير ئوبرازى ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئوبراز. ئۇ، ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان چەۋەنداز، ئۆزىنىڭ سىنىپى ۋە جىنسىي

ئايرىمىسىنى قوغدىغان جەڭچى. 19 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە بۇنداق قىلىش ئۈچۈن جاسارەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك. جېين ئېيرنىڭ بۇ خىل روھى ئۇنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە يازغۇچى دائىم بىر خىل ئادىمىيلەشتۈرۈش ۋە جۈملىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنى بىر خىل تېخىمۇ دېموكراتىك تەلەپپۇزغا ئىگە بولغان ئورتاق تىلغا ئايلاندۇرۇپ ئىپادىلىگەن، كىتابنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، بىز مۇشۇ ئېسىل سەھىپىلەرنى ئۆگىنىشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: سىز مېنى كەمبەغەل، تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، سەت، ۋىجىك بولغانلىقىم ئۈچۈن روھسىي، يۈرىكى يوق دەپ ئويلامسىز؟ — سىز خاتالىشىپسىز! — مېنىڭ روھىم سىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ! مېنىڭ يۈرۈكۈممۇ پۈتۈنلەي سىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ! ئەگەر تەڭرى ماڭا ئازراق گۈزەللىك ۋە بايلىق ئاتا قىلغان بولسا ئىدى، مەن سىزنى خۇددى ھازىر مەن سىزدىن ئايرىلالمىغاندەك، مېنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان بولاتتىم. مەن ھازىر ھەرگىز ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار ئارقىلىق، ھەتتا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدەك جىسمىم ئارقىلىق سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىم يوق، بەلكى مېنىڭ روھىم سىزنىڭ روھىڭىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ:

گويا ئىككىمىز قەبرىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تەڭرىنىڭ ئايىغىدا تۇرغاندەك تەڭ ـ باراۋەر تۇرماقتىمىز، ئەسلىدە-مۇ شۇنداق ئىدى!

بۇنداق مونولوگ ۋىجدان بىلەن ھېسسىياتنىڭ قەدىمكى ئۇسۇلدا كۆرەش قىلىشى، قەلبىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جىددىيلىك ۋە توقۇنۇشنىڭ ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا، ئۇ ئىنتايىن قاملاشتۇرۇپ ئى-پادىلەنگەن. روماندا مۇنداق تەسۋىرلەر ناھايىتى كۆپ، بىز ئوقۇغاندا چوقۇم باش پېرسوناژ نۇقتىسىدىن ئەس-تايىدىل چۈشىنىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز لازىم.

رومانىنى پېرسوناژلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشىمۇ توغرا تونۇشىمىز لازىم. بىر يەرگە جەم بولۇش يامان ئىش ئەمەس، ئەكسىچە، بۇ دەل ئايال يازغۇچىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان تەشنالىقى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. لېكىن، بۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك ئەھمىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تىترەتكۈدەك كۈچى كەم بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچى ئايال باش پېرسوناژنى بىر قىسىم مىراسقا ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ، يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتتە كونا قېلىپقا چۈشۈپ قالغان، بۇ يازغۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىردا روھىي جەھەتتە يەنىلا كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە باش ئەگكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئاۋات بارات

ئىبرەھان تولەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇنجان تۇرسۇن

ھەبىبۇللا ئابلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئابدۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 978-7-80658-916-8

باھاسى: 7.50 يۈەن